خىيال تور بېكىتى ھەقسىز تارقاتقان

خىيال
HIYAL

# خىيال تور ژۇرنىلى

خىيال توردىن: ئابدۇغېنى مۇھەممەد تەييارلىدى

◆تېلېفونۇم ئۇيغۇرچە قوللىدى

◆تور بەتنى weft دىن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى

◆Authorware دا flash ھۆججىتىنى كونترول قىلىش

◆«Nبىرلەشتۈرۈلگەن1»كۆپ خىل قوزغىتىلىدىغان قاچىلاش دىسكىسىنىڭ ئويۇلۇشى

خىيال تور بېكىتى ھەقسىز تارقاتقان

# مۇندەرىجە

## خەۋەرلەر

ھەمكارلىق 2007 يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ..................3

## پروگراما تۈزۈش

Authorware دا flash ھۆججىتىنى كونترول قىلىش ...............12
VB دا پروگراما يېزىش .................................... 14
Unicode لىق كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ............................19

## تەجرىبە ۋە سوئال جاۋابلار

«Nبىرلەشتۈرۈلگەن1»كۆپ خىل قوزغىتىلىدىغان قاچىلاش دېسكىسىنىڭ ئويۇلۇشى..................................21
سوئال جاۋابلار ..........................................26
مەخپى تەجرىبىلىرىم ........................................ 38
كومپيۇتېرنىڭ قېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى 25
تۈرلۈك كۆرسەتمە ..........................................54
تەتۈر بىسىپ چىقىرىش تېخنىكىسى.............................57
Ghost نى چۈشىنەمسىز؟......................................42

## يۇمشاق دېتال خەۋىرى

يۇلغۇن تەھرىرلىگۈچ 1.7 نۇسخىسى تارقىتىلدى.................35
دۇنيا كۆزنەكى ئۇيغۇرچە يېشىل نەشرى تارقىتىلدى............36
«ئۇيغۇرسوفت كوررېكتورى 5.1» بوگۈن بازارغا سېلىندى.......46

## قاتتىق دېتال خەۋىرى

تېلېفونۇم ئۇيغۇرچە قوللىدى ................................43

## رەسساملىق ۋە ھەرىكەت

3DMAX ۋە ئۇنىڭدا ئىشلەنگەن بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەر..........59

## تور بەت ياساش تېخنىكىسىدىن تەرمىلەر

تور بەتنى weft دىن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى........49

ئەگەر ماقالە ياكى پىكىر بەرمەكچى بولسىڭىز
خىيال تورى مۇنبىرىگە يوللاڭ.

خىيال تور ژۇرنىلى

ئايلىق كومپيۇتېر ژۇرنىلى

2007-يىللىق 1-سان

تارقاتقۇچى ئورۇن:

خىيال ئۇنىۋېرسال تور بېكىتى

http://www.hiyal.com

ئىلاۋە:

ئادەتتە تورغا چىقسام بەزى پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى ماقالىلەرنى كۆرەگەندە كومپيۇتېرىمدا ساقلىۋالاتتىم. يىقىندا ئەشۇ ماتېرىياللارنى رەتلەۋېتىپ، بۇنىڭدىن باشقا دوستلارنىڭمۇ پايدىلىنىش ھەققى بار دەپ ئويلاپ مەزكۇر ژۇرنالنى ئىشلەپ تارقاتتىم. بۇ ژۇرنالغا ئېلىنغان ماقالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى توردا تارقىتىلغان بولۇپ، يىغىپ تۈپلاپ تارقىتىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق مۇشۇ شەكىلدە تارقىتىلىدۇ. دوستلارنىڭ ماقالىلىرىمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئابدۇغېنى مۇھەممەد

# كومپيۇتېر ساھەسىدىكى لايىھىلىگۈچىلەر يىغىلىشى - «ھەمكارلىق 2007» يىغىنى ئېچىلدى

تۇنجى نۆۋەتلىك كومپيۇتېردا لايىھىلىگۈچىلەر يىغىلىشى

ھەمكارلىق يىغىنى Apple, Qarluq, Uighursoft, UyghurDev.net

تۇنجى نۆۋەتلىك كومپيۇتېر ساھەسىدىكى لايىھىلىگۈچىلەر يىغىلىشى - «ھەمكارلىق 2007» يىغىنى بۈگۈن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن پىلان بويىچە 1:30 دا باشلىنىپ 5:30 دا ئاخىرلاشتى. يىغىنغا 1000 دىن ئارتۇق كىشىلەر قاتناشتى. يىغىنغا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تالانتلىق رىياسەتچىسى مەۋلۇت ئىبراھىم رىياسەتچىلىك قىلدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، مايتاغ، قاراماي، قۇمۇل،... قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن كومپيۇتېر ھەۋەسكارلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەبىئي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئالىملاردىن ھوشۇر ئىسلام، ئەسەت سۇلايمان، بوغدا ئابدۇللا قاتارلىقلارمۇ قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سەنئەت ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەربابلارمۇ قاتناشتى.

يىغىن ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلدى، يىغىن قاتناشقۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، زېرىكىپ چىقىپ كېتىدىغانلار ئەھۋال كۆرۈلمىدى، ئورۇن يېتىشمىگەنلەر باشتىن-ئاخىرى ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلاپ، ھەتتا، ھەر 4-5 مىنۇتتا قىزغىن چاۋاك چېلىپ لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ھازىرقى زامان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىلمگە بولغان ھېرىسمەنلىكى لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەرنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى.

ئاربلىقتا داڭلىق ناخشىچىلار سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنلاپ، يىغىن كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتەرسە، پروفېسسور ھوشۇر ئىسلام تەبرىك سۆزى قىلىپ، ئاڭلىغۇچىلارنى قاتتىق جەلپ قىلدى.

ئالما شىركىتىدىكى خادىملارمۇ بۇنداق قىزغىن كەيپىياتتىن قاتتىق تەسىرلەندى. ھازىرقى زامان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىلمگە بولغان قىزىقىشىغا يۇقىرى باھا بەردى ۋە Mac مەشغۇلات سىستېمىسىغا ئۇيغۇر يېزىقىنى كىرگۈزۈشكە ۋەدە بەردى.

سورالغان سوئاللار جەمئىي 120 پارچە بولۇپ، ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر بىر لېكسىيە سۆزلىگۈچى 3 سوئالغا جاۋاب بەردى. باشقا سوئاللار «بىلىك كىلوبى»نىڭ «ئۇيغۇرسوفت سەھىپىسىدە» جاۋاب بېرىلىشى مۇمكىن.

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى(2-قانال، 5-قانال، 9-قانال) ۋە باشقا گېزىت-ژۇرناللاردىكى مۇخبىرلارمۇ تولۇق قاتناشتى .

## يىغىن مەيداندىن كۆرۈنۈش



ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تالانتلىق رىياسەتچى مەۋلۇت ئىبراھىم رىياسەتچىلىك قىلماقتا

شىنجاڭ ئەنۋەر خەلقئارا سودا شىركىتى نېسىپ ماركىلىق قەھۋە تەمىنلىدى




ئالما شىركىتىدىكى مەسئۇل خادىم Apple مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرماقتا



قارلۇق شىركىتىنىڭ مەسئۇلى نەجمىدىن Apple خادىمغا سوۋغات بەرمەكتە.

سوۋغات: ئۇيغۇرلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى بولغان خۇشتار



**يىغىن زالىدىن كۆرۈنۈش**



رەشىدە داۋۇت ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى.





پەخىردىن قارلۇق لېكسىيە سۆزلىمەكتە



هوشۇر ئىسلام مۇئەللىم تەبرىك سۆزى قىلماقتا




ئۇيغۇرسوفت شىركىتىنىڭ مەسئۇلى ئالىم ئەھەت لېكسىيە سۆزلىمەكتە



ئارقا سەپتىكى تېخنىكا خادىملار ئالدىراش خىزمەت قىلماقتا



ئۇيغۇرسوفت شىركىتىنىڭ مەسئۇلى ئالىم ئەھەت لېكسىيە سۆزلىمەكتە



ئۇيغۇر ئىجادىيەت توردىن ئۆمەرجان ئۇچقۇن لېكسىيە سۆزلىمەكتە



يىغىن زالىدىن بىر كۆرۈنۈش



يىغىن ئاخىرىسىدا، لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەرگە گۈل بېرىش ئۇچۇن تەكلىپ قىلماقتا




يىغىنغا قاتناشقۇچىلارمۇ ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ ھەرگىزمۇ مەسئۇلات تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئەمەس، بەلكى، قاتناشقۇچىلارغا قىزغىن ئىلمىي كەيپىيات يارىتىپ بېرىش، ھەمكارلىق روھىنى تەكىتلەپ، كومپيۇتېر ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشقا دەۋەت قىلىش .

بۈگۈنكى كەيپىياتتىن چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، بۇنىڭدىن كېيىن، ھەر يىلى بۇنداق پائالىيەتلەرنى ئويۇشتۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىمىز

ماقالە مەنبەسى: بىلىك تورى http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=10657

# Author ware

## دا Flash ھۆججىتىنى كونترول قىلىش

(خىيال توردىن ئابدۇغىنى تەرجىمىسى)

Authorware بولسا ئامېرىكا Macromedia شىركىتى ئىشلەپ چىقارغان ئوقۇتۇش يۇمشاق دېتالى تۈزۈش سىستېمىسى بولۇپ، بۇ يۇمشاق دېتالدىن پايدىلىنىپ پروگرامما تۈزۈش ئاسان، پروگرامما ئىجرا قىلىش مۇھىتى تۆۋەن بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلار بىلەن كەڭ ئىشلەتكۈچىلەرنى تولۇق رازى قىلىپ كەلمەكتە.

Macromedia شىركىتى Authorware6.0 نى ئىشلەپ چىقارغاندىن كېيىن swf ھۆججىتىنى بىر قىسقۇرما ھالەتتە قىستۇرۇپ ئىشلىتىش ئىقتىدارى قوشتى. ھازىر بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ 7.02 نەشرى ئىشلىتىلمەكتە. تۆۋەندە Authorware دا Flash ھۆججىتىنى كونترول قىلىش بىلەن تونۇشىمىز.

ئاساسلىق كونترول قىلىش ئىقتىدارلىرىدىن: قويۇش، توختىتىش، ئالدىغا ماڭغۇزۇش، ئارقىغا ماڭغۇزۇش قاتارلىقلار بار.

Authorwareدا Flash ھۆججىتىنى كونترول قىلىشتا تۆۋەندىكى ئۈچ فونكسىيەنى ئىشلىتىمىز.

(1) SetSpriteProperty(@"SpriteIconTitle", #property, value)

(2) GetSpriteProperty (@"SpriteIconTitle", #property)

(3) CallSprite(@"SpriteIconTitle", #method [, argument...])

يۇقارقى بۇ فونكسىيەلەرنىڭ ئاساسلىق ئىقتىدارلىرى تۆۋەندىكىچە:

SetSpriteProperty بولسا ھەر بىر خاسلىقنى ھەرىكەت ھۆججەتكە يوللايدۇ (مەسىلەن: ھۆججەتنىڭ ئۆلچىمى، ئورنى دېگەندەك)؛

GetSpriteProperty بولسا ھەرىكەت ھۆججىتىنىڭ بەزى خاسلىقىغا ئېرىشىدۇ( مەسىلەن: ھۆججەتنىڭ ئايلانما بولۇش، قويۇش تېزلىكى دېگەندەك)؛

CallSprite بولسا ھەرىكەت ھۆججەتنىڭ كونترول قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ( مەسىلەن، قويۇش، توختىتىش دېگەندەك).

### ئەمەلىي مىسال


1-يېڭى ھۆججەت قۇرۇپ، ئارقا رەڭ تاختىسىنى قارا رەڭدە بەلگىلەيمىز. تىزىملىك ستونىدىن 插入→媒体→Flash movie… نى تاللاپ، Flash ھۆججىتىنى قىستۇرۇپ كىرگۈزىمىز. پروگرامما قۇرىدىكى يېڭى قۇرغان Flash سىنبەلگىسىنىڭ ئىسمىنى hiyal دەپ ئۆزگەرتىمىز( پروگرامما ئىچىدە كود بىلەن ئىسمىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدىم). يېڭى قۇرغانFlash سىنبەلگىسىنىڭ ئۈستىدە مائۇس ئوڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، چىققان تىزىملىكتىن 计算 تۈرىنى تاللاپ تۆۋەندىكى كودنى كىرگۈزىمىز.

ResizeWindow(320,260)--设定窗口尺寸

Movable:=FALSE--设置动画在播放时不可移动

يۇقارقى 1-قۇردىكى كود كۆزنەك ئۆلچىمىنى 260،320 قىلىپ بېكىتىشكە، 2-قۇردىكى كود بولسا يېڭى قۇرغان سىنبەلگىنىڭ ئىچىدىكى Flash ھەرىكەتلىك ھۆججىتىنى يۆتكەشنى ئىناۋەتسىز قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

2- پروگراممىغا قۇربغا ئۆزئارا سىنبەلگىسى(交互图标) دىن بىرنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە 4 دانە ھېسابلاش سىنبەلگىسىنى كۇنۇپكا شەكلىدە قوشىمىز ۋە ئىسمىنى تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك بېكىتىمىز.




1- رەسىم

ھەرقايسى ھېسابلاش سىنبەلگىسىنى قوش چېكىپ، تۆۋەندىكى كودلارنى مۇناسىۋەتلىك كۇنۇپكىنىڭ ھېسابلاش سىنبەلگىسىگە كىرگۈزىمىز.

(1) قويۇش كودى

CallSprite(@"Flash动画", #play)--让动画从当前帧播放。

(2) توختىتىش كودى

CallSprite(@"Flash动画", #stop)--暂停Flash动画。

(3) تېزلىتىش كودى

a:=GetSpriteProperty(@"hiyal", #frame)--获取当前动画所在的帧

CallSprite(@"hiyal", #gotoFrame, a+40)--在原来的帧数上加40，这样就实现的快进。

(4) ئارقىغا ياندۇرۇش كودى

a:=GetSpriteProperty(@"hiyal", #frame)

CallSprite(@"hiyal", #gotoFrame, a-40)

ئەمدى بىز ئىشلىگەن پروگرامما پۈتتى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىز تۈزگەن پروگرامما ئىچىدە مەشغۇلات قىلىسىڭىز بولىدۇ.

كۇنۇپكا تاختىسىدىن Ctrl+R بىرىكمە كۇنۇپكىسىنى بېسىپ پروگراممىنى ئىجرا قىلىسىڭىز بولىدۇ.

ماقالە مەنبەسى: (كەچۈرسىز، ماقالىنى بۇرۇن كۆرۈپ كومپيۇتېرىمغا چۈشۈرۈۋالغانلىقتىن، ئەسلى مەنبەسىنى تاپالمىدىم)

# VB6.0دە پروگرامما يېزىش (1)

Windowsبولسا بىر سۈرەتلىك ( GUI ) مەشغۇلات سىستېمىسى . ئۇنىڭ پروگراممىلىرى بىردەك كۆرۈنىشكە ئىگە ، ئۆگىنىش ئوڭاي ، ئىشلەتكۈچىگە نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى . ئەمما بۇ ، Windowsپروگراممېرلىرى ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلار ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن . Windowsمۇھىتىدىكى ئاساسىي پروگرامما لايىھىلەش تىلى C تىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ، پەقەت < Hello world > دېگەن كۆزنەكلىك خەتنى چىقىرىش ئۈچۈنمۇ 60 نەچچە قۇر كود يېزىلىدۇ .


Visual Basic 6.0بولسا بىرخىل ئىلغار پروگرامما لاھىيلەش تىلى . ئۇ C تىلىدىكى مۇرەككەپ پروگرامما لاھىيلەش جەريانلىرىنى يوشۇرۇۋالدى . دۇنيادىكى ئاساسلىق پروگرامما لاھىيلەش قوراللىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى .

بۇ باپتا ئاساسلىقى Windows پروگراممالىرىنىڭ ئاساسىي ئىقتىدارى ۋە خىزمەت پىرىنسىپىنى سۆزلەيمىز.

## Windows1.1پروگراممىلىرىنىڭ كۆرۈنىشى

### ◆ 1.1.1كۆزنەك

كۆپ ساندىكى يۇمشاق دېتاللار كۆزنەك ھالىتىدە بولىدۇ . تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراڭ :




#### 1) سىستېما تىزىملىكى

سىستېما تىزىملىكى بولسا كۆزنەكنىڭ سول يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقان بولىدۇ . ئادەتتە سىستېما تىزىملىكى ئاشۇ كۆزنەكنىڭ ياكى پروگراممىنىڭ سىن بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . سىستېما تىزىملىكى «ئەڭ چوڭ ھالەت ، ئەڭ كىچىك ھالەت ، ئەسلىگە قايتۇرۇش ، يۆتكەش ، چوڭ كىچىكلىكى ۋە ئۆچۈرۈش» لەردىن تەركىب تاپىدۇ .

2) تېما قۇرى

تېما قۇرىدا ئەشۇ ھۆججەتنىڭ نامى ياكى بىرتەرەپ قىلىنىۋاتقان ھۆججەتنىڭ ئىسمى بولىدۇ . مائۇسنىڭ سول كونۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ يۆتكەشكە بولىدۇ . مائۇسنىڭ سول كونۇپكىسىنى قوش چېكىش ئارقىلىق ئەڭ چوڭ ھالەتكە ئەكەلگىلى بولىدۇ.

3) تىزىملىك قۇرى

تىزىملىك قۇرى بىز ئۈچۈن پروگراممىنىڭ ئاساسىي ئىقتىدارلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەممە پروگراممىنى ئىشلىتىشكە قولايلىق ئېلىپ كېلىدىغان قۇر . تىزىملىك بۇيرۇقلىرى ئادەتتە 2 خىل ھالەتتە ، بىرى ھەركەتچان ھالەت ، يەنە بىرى تىنىچ ھالەت يەنى ئىجراقىلغىلى بولمايدىغان ھالەتتە بولىدۇ . ئادەتتە تىزىملىك قۇرىدىكى بۇيرۇقلارنى كونۇپكا تاختىسىدىكى كونۇپكىلار ئارقىلىق ئىجرا قىلىشقا بولىدۇ . مەسىلەن ، Ctrl + c , Alt + a . . . دېگەندەك.

4) ئەڭ كىچىك ھالەتكە ئەكىلىش كونۇپكىسى

بىرقېتىم چەكسەك ، پروگراما ئەڭ كىچىك ھالەتكە كېلىپ بۇيرۇق قۇرىدىكى بىر كونۇپكىغا ئايلىنىدۇ.

5) ئەڭ چوڭ ھالەتكە ئەكىلىش كونۇپكىسى

بۇكونۇپكىنى بىرقېتىم چەكسەك پروگراما چوڭىيىپ پۈتۈن ئېكرانغا لىقلا كېلىدۇ.

6)ئۆچۈرۈش كونۇپكىسى

بۇكونۇپكىنى بىر قېتىم چەكسەك پروگراممىنى ئۆچۈرىدۇ.

7) تەرەپ قىرى

تەرەپ قىرىنى مائۇسنىڭ سول كونۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ ھەركەتلەندۈرسەك ، پروگراممىنىڭ چوڭ كىچىكلىكى ئۆزگىرىدۇ .


◆ 1.1.2 دىئالوگ رامكىسى

دىئالوگ رامكىسى بولسا كۆزنەكنىڭ بىرخىل ئالاھىدە كۆرۈنۈشى . ئاساسلىق دىئالوگ قىلىش ( ئۇچۇرلارنى كىرگۈزۈش ) ئارقىلىق مەشغۇلات قىلىدىغان كۆزنەك . مەسىلەن ، ئەگەر مەلۇم پروگراما لاھىيلەپ چىكىندۈرمەكچى بولساق ، بىر دانە دىئالوگ رامكىسى چىقىپ بىزدىن پروگراممىنى چىكىندۈرۈش ھەققىدە >ھەئە <ھەممە> ياق <دېگەن كونۇپكىنى بېرىپ سوئال سورايدۇ. . .

## 1. تېكىست رامكىسى( TextBox )

تېكىست رامكىسى ئاساسلىق كونۇپكا تاختىسىدىكى سان سىفىر ۋە ھەرپلەرنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . ئىشلەتكۈچى كىرگۈزگەن مەزمۇنلارغا قارىتا تەھرىرلەش ئېلىپ بارالايدۇ . كېسىپ چاپلاش ،

كۆچۈرۈش دېگەندەك . . . تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك تېكىست رامكىسىنىڭ بىرى ئىسىم يېزىشقا ، يەنە بىرى ياشنى كىرگۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.




## 2.بۇيرۇق كونۇپكىسى

كونۇپكىلار بولسا كۆپۈپ چىققان ستېرومېتىرىيىلىك كۆرۈنۈشكە ئىگە . مائۇس كونۇپكىنى باسقاندا ، كۆنۇپكىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىدۇ . كونۇپكا چېكىشتىكى مەقسەت مەلۇم بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ياكى يوللاش ياكى كومپيۇتېرنىڭ مەلۇم سوئالىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈندۇر . ئادەتتە كونۇپكا تاختىسى ئارقىلىق پروگراممىدىكى كونۇپكىلارغا قارىتا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتا Tab كونۇپكىسى ئارقىلىق كونۇپكا تاللاپ Enter نى باسساق بولىدۇ.

## 3.تاق تاللاش رايونى( OptionButton )

تاق تاللاش رايونى ئادەتتە بىر گۇرۇپپا ھالەتلەر ئىچىدىن ھالەتلەر ئىچىدە پەقەت ۋە پەقەت بىرىنىلا تاللاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . بىر گۇرۇپپا تاق تاللاش رايونلىرى ئارىسىدا بىرىنىلا تاللىيالايمىز . ئەگەردە مەن بىرنى تاللاپ قويدۇم ، ھەمدە يەنەبىرىنى بېسىپ تاللىدىم ، بۇچاغدا باشتا تاللانغان تاق تاللاش رايونى ئاپتوماتىك بىكار قىلىنىدۇ . مەسلەن جىنسىڭىزنى تاللىماقچى بولسىڭىز پەقەتلا بىرىنىلا تاللىيالايسىز . . .

## 4.تاللاش رامكىسى( CheckBox )


تاللاش رامكىسى ئادەتتە بىر ياكى بىردىن ئارتۇق تۈرلەرنى تاللاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . ئاساسلىق رولى ئىشلەتكۈچىگە بىرقىسىم ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ . بىر گۇرۇپپا تاللاش رامكىلىرى ئىچىدە بىرنى ياكى ھەممىنى تاللىغىلى بولىدۇ . مەسىلەن يۇقىرقى رەسىمدە ھەممىسى كۆرسىتىلگەن.

## 5.سىيرىلما رامكا( ListBox )

سىيرىلما رامكا ئادەتتە كومپيۇتېرغا كىرگۈزگەن ھەرخىل ئۇچۇر ھەمدە پەقەت مۇشۇ ئۇچۇرلار ئىچىدىلا تاللاش ئېلىپ بارىدۇ . پروگراما ھەممە مەزمۇننى سىيرىلما رامكىغا كىرگۈزسە ، بىز مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى كونۇپكا تاختىسى ئارقىلىق بېسىپ ئۇلتۇرماستىن سىيرىلمىدىن تاللاپلا قويىمىز.

## 6.بىرىكمە رامكا( ComBox )

بىرىكمە رامكا بولسا ھەم تېكىست رامكىسىنىڭ ھەم سىيرىلما رامكىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ئېلېمېنت . ئۇنىڭ شەكلى تېكىست رامكىسىنىڭكىگە ئوخشايدۇ . پەقەت ئوڭ تەرىپىدە سىيرىلما چۈشۈرۈش بېشى بولىدۇ . بۇ باشنى بىر قېتىم چەككەندە سىيرىلما ھاسىل بولىدۇ .سىيرىلمىدىن خالىغان بىر مەزمۇننى تاللىغاندا ، تاللانغان مەزمۇن بىرىكمە رامكىدا كۆرۈنىدۇ ، سىيرىلمىسى ئاپتوماتىك ھالدا يوقىلىدۇ . ئادەتتە 3 خىل شەكىلدىكى بىرىكمە رامكا شەكلى بولىدۇ . 1 ـ خىل ئادەتتىكى بىرىكمە رامكا شەكلى ، بۇ بىردانە تېكىست رامكىسى ۋەسىيرىلما رامكىسىدىن تۈزۈلىدۇ . سىيرىلما رامكىدىكى خالىغان بىر تۈرنى تاللىساق ، تاللانغان تۈرنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدىكى تېكىست رامكىسىدا پەيدا بولىدۇ . 2 ـ خىل بىرىكمە رامكىسى شەكلى ، بۇ خىل شەكىلدە پەقەت بىرىكمە رامكا ئىچىدىكى مەزمۇننى تاللىغىلى بولىدۇ . 3 ـ خىلى سىيرىلما بىرىكمە رامكا شەكلى ، بۇخىل شەكىلدە مۇناسىۋەتلىك تۈرلەرنى تاللىغاندىن سىرت كونۇپكا تاختىسى ئارقىلىق ئۇچۇرلارنى بىرىكمە رامكىغا كىرەئۈزگىلى بولىدۇ . رەسىمدە شەكلى كۆرسىتىلدى . . .




### ◆ 1.1.3ئۇچۇر رامكىسى

ئۇچۇر رامكىسىمۇ خۇددى دىئالوگ رامكىسغا ئوخشاش كۆزنەكنىڭ بىر مۇھىم شەكلى ، ئاساسلىق رولى ئىشلەتكۈچىگە ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ھەم ئىشلەتكۈچىنىڭ مەلۇم ئىنكاسىنى قوبۇل قىلىدۇ ، ئۇ

ئاساسلىق تۆۋەندىكىلەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ:

(1)ئىپادىلەش مەنىسىگە ئىگە بولغان سىن بەلگە.

(2)ئۇچۇر مەزمۇنى .

(3)بىزنىڭ ئىنكاسىمىزنى قوبۇل قىلىدىغان بۇيرۇق كونۇپكىسى.

تۆۋەندىكى رەسىمدە يېزىق تاختىسىنىڭ ئۇچۇرلۇقىدە چىقىدىغان ئۇچۇرلىرامكىسى كۆرسىتىلدى . سول تەرىپىدە سىن بەلگە ، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر ۋە 3 خىل بۇيرۇق كونۇپكىسى . . .




## 1.2مەشغۇلات سىستېمىسىدا پروگراما لاھىيلەش

Windows 98 ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى سىستېمىلار كۆپ بۇيرۇقلۇق مەشغۇلات سىستېمىسىغا كىرىدۇ . بۇيرۇقنى ئىجرا بولىۋاتقان پروگراما دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ . كۆپ بۇيرۇقلارنى قوللاش دېگىنىمىز مەشغۇلات سىستېمىسىدا بىر قېتىمدا نۇرغۇن بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## Windows1.3 ھادىسە قوزغاتقۇچ سىستېمىسى

پروگراما لاھىيلەش بولسا ئەمەلىيەتتە Windows دىكى ھادىسىگە قارىتا قوزغىتىش ئېلىپ بارغانلىق بىلەن باراۋەر . بۇخىل پروگراما لاھىيلەش DOS مۇھىتىدا پروگراما لاھىيلىگەنگە قارىغاندا كۆپ ئاسان ۋە پەرق ئىنتايىن چوڭ. . .

ماقالە مەنبەسى : ئەپەندى كومپيۇتېر قانىلى (داۋامى كېيىنكى ساندا)

# Unicode يۇنىكودلۇق كىرگۈزۈش ئۇسۇلى

(تەبئەت توردىن ماھىرجان ئەپەندى)

مەن تۆۋەندە ئۆزۈمدىن بىرى سىر بولۇپ كېلىۋاتقان يەنى Visual Basic6.0 دە يۇنىكودنى فونتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسۇل مۇمكىن ئەمەسكەن دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان بۇخىل مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن .

< ئىزدىنىش توردىن < بىخلان ئەپەندى ( بىخلان ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن !) ماڭا چىققىلى ئۆزۈن بولغان ، ئەمما ئۇچۇرنىڭ يېتەرسىزلىك بولۇشۇ تۈپەيلى بىلىپ ، ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن ، بىلمىگەن ئاجايىپ تېخنىكىلارنى ئۈگەتتى ... مۇشۇ تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ ، ئۈلنىش كودلىرىنى USP10.DLL تەمىنلىگەن ئەڭ ئاسان ، ئېسىل ئۇسۇل بويىچە بىردانە UKIJ Tuz Tom فونتى ئىشلىتىلگەن يۇنىكودلۇق كىرگۈزگۈچ ياسىدىم ، بۇنىڭ ئەسلى كودىنى شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىلارنى كەڭ پروگراما ھەۋەسكارلىرىغا سۇنىمەن!

1) Microsofit Forms 2.0

بۇ بىر DLL بولۇپ ، بىزگە يۇنىكودنى قوللايدىغان ... TextBox قاتارلىق بىرمۇنچە كۆپلىگەن كونتروللارنى بېرىدۇ . ... بىز بۇ كونتروللارنى vb غا ئەكىرگەن ئۇسۇل بىلەن ئەكىرىمىز ... دىققەت بۇنىڭ ئۈچۈن vb چوقۇم sp6 غا كۆتۈرۈلشى كېرەك!

2) مۇھىم فۇنكسىيىلەر

ChrWفۇنكسىيىسى . بۇفۇنكسىيە ھەرىپ نومىرىنى ھەرىپكە ئايلاندۇرۇشقا ئىشلىنىدۇ ، يۇنىكود سۇپپىسدا 16لىك سىستىما نومىرى ، AscWفۇنكسىيىسى ئىشلىتىلىپ ئېرىشلگەن ھەرىپ نومۇرلىرىنى شۇ ھەرىپ نومۇرىغا خاس ھەرىپكە ئايلاندۇرىدۇ ...مەسىلەن ؛ textbox1.seltext=ChrW(&H06AD) بۇ جۈملىدە 16لىك سىستىما نومىرى 06 ADبولسا ukijفونتىدىكى <ك>ھەرىپىنىڭ ھەرىپ نومۇرى .. دېمەك textbox1 دا ئۇيغۇرچە <ك> ھەرىپى پەيدا بولىدۇ !

3) تەپەككۇر يولى

مەن پەقەت "/" كونۇپكىسى بېسىلسا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك "ئ "ھەرپى چىقىدىغان قىلىپ بارلىق 32 كونۇپكىغا 32 ھەرپنى توغۇرلاپ بەرسەملا پروگراما پۈتتى دېگەن گەپ ! ئۇلار سولدىكى ھەرپلەرنىڭ ئۇلىنىشىنى بىزنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىمىز ھاجەتسىز ! نېمە ئۈچۈن ھەرپلەرنىڭ ئۇلىنىشىنى مەن بىرتەرەپ قىلمايمەن ؟ چۈنكى كومپيۇتېرىمىزدا USP10.DLL دەيدىغان بىرھۆججەت بولۇپ مەخسۇس ئەرەپ يېزىقىنىڭ ئۇلىنىشىنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ .. شۇڭا بىز باشقىسىغا باش قاتۇرمىساقمۇ بولىدۇ ! دىققەت : ماس كونۇپكىلار بېسىلغاندا چىقىدىغان ئۇيغۇرچە ئۆلچەملىك فونتتىكى ماس ھەرپلەرنىڭ كود لىرى ئاساسىي رايوندىكى ماس ھەرپلەرنىڭ كودلىرى بولىسى كېرەك .. شۇندىلا مۇشۇ ھەرپلەر ئۇلىنىشنى ئاپتوماتىك ھالدا تاماملايدۇ!

4) كېرەكلىك نەرسىلەر

Microsofit Forms 2.0تەمىنلىگەن textbox ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز ! كومپيۇتېرىڭىزدا ئۆلچەملىك فونتنىڭ تۈز توم شەكلى بولىشى كېرەك ! ھەرپلەرنىڭ 16لىك سىستىما نومۇرىغا ئېرىشش ئۈچۈن Word تىن پايدىلانساق ، مېنىڭچە ئەڭ قولايلىق !

ياسالغان يۇمشاق دېتالنىڭ چۈشۈرۈش ئادېرىسى:

http://www.tebiet.com/bbs/images/upfile/fm.rar

يۇمشاق دېتالنىڭ ئەسلى كودىنىڭ چۈشۈرۈش ئادېرىسى:

http://www.tebiet.com/bbs/images/upfile/kod.rar

ماقالە مەنبەسى: ئەپەندى كومپيۇتېر قانلىقmayor ئەپەندى يوللانمىسى



# «Nبىر لەشتۈرۈلگەن1» كۆپ خىل قوزغىتىلىدىغان قاچىلاش دىسكىسىنىڭ ئويۇلۇشى

قەشقەركونا شەھەر ناھىيە ئوپال ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇغوپۇر ئابدۇكېرىم

Windows98 ، Windows2000ۋە WindowsXP لار ھازىر كۆپ قوللىنىۋاتقان مەشغۇلات سىستېمىلىرى.گەرچە بەزى يوللار ئارقىلىق تەييار«Nبىرلەشتۈرۈلگەن1» سىستېما قاچىلاش دىسكىلىرىغا ياكى سايە ھۆججەتلىرىگە ئېرىشسەكمۇ، لېكىن بۇ دىسكىلار بىزنىڭ قىزىقىشىمىز بويىچە بولماي قالىدۇ.بۇ يەردە مەن كۆپچىلىككە تېپىك بولغانWindows98 ، Windows2000ۋە WindowsXP لارنى مىسال قىلىپ قانداق قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ «Nبىرلەشتۈرۈلگەن1» دىسكىمىزنى ياساش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرماقچىمەن.بۇ يەردە تونۇشتۇرۇلغان ئۇسۇل بويىچە كۆپچىلىك جەزمەن ئۆزىنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرىنى بىر تال ئوپتىك دىسكىغا ساقلىيالايدۇ.مەسىلەن:3خىل نۇسخىدىكىWindows2000(Windows2000 كەسپىي نۇسخىسى 《专业版》، Windows2000مۇلازىمېتىر نۇسخىسى《服务器版》، Windows2000ئالىي دەرىجىلىك مۇلازىمېتىر نۇسخىسى)《高级服务器版》قاتارلىقلار.بەزىلەر ھەتتا ھەر خىل نەشىردىكىWindows نىڭ قاچىلاش دىسكىسى«16بىرلەشتۈرۈلگەن 1» نى ياساپ چىققان!

نۆۋەتتە نۇرغۇن كۆپ ۋاستە ۋە كىتابلاردا تونۇشتۇرۇلغان«Nبىرلەشتۈرۈلگەن1» ئوپتىك دىسكا ياسىغۇچىلار باشلاش(引导)ئورگىنالىنى قول بىلەن تەھرىرلەش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرماقتا.بۇ پىششىقان بىر ئىشلەتكۈچى ئۈچۈن ئانچە تەس ئىش ئەمەس،بىراق يېڭى ئىشلەتكۈچىلەرگە نىسبەتەن بۇ ۋەزىپىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تاماملاش ئاساسىي جەھەتتىن مۇمكىن ئەمەس.بۇ يەردە مەن كۆپچىلىككە يەنىلا باشلىنىش ئورگىنالىنى قول بىلەن تەھرىرلىمەيدىغان ئۇسۇل ئارقىلىق كۆپ خىل قوزغىتىش ئوپتىك دىسكىسىنى ياساشنى تونۇشتۇرماقچى.كۆپچىلىك قىزىقسا مۇشۇ قەدەم باسقۇچلار بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

(1) بۇنىڭ ئۈچۈن كىتەرلىك ماتېرىياللار تۆۋەندىكىدەك:

(2)كۆپ خىل قوزغىتىش دىسكىسى ياساش قورالى EasyBoot: http//www. ezbsystems. com

يۇمشاق ماتېرىيالى.تىزىملىتىلمىغان نۇسخىسى بەزى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ.

(3)16 لـىك سىستېما تەھرىرلىگـۈچ UltraEdit32:http//www.idmcomp،ئـىلان قىلغان ئورۇن(http//cpatch.org/kiiali/ خەنزۇچىلاشتۇرۇلغىنى)

(4)Windows98 نىڭ MS_DOS سىستېما قوزغىتىش يۇمشاق دىسكىسى ياكى يۇمشاق دىسكا سايە ھۆججىتى.

(5)قـوزغىتىش ئويتـاك دىسكىسى ئۇچۇرىنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان قـورال:ISOBuster http//www.isobuster.com/

(6)بـارلىق مەشـغۇلات سىستېمىسى ھـۆججەتلىرىنى ساقلاشتا كىتەرلىك بولغان ئەركىن دىسكا بوشلۇقى.

بىرلەشتۈرۈشـتە لازىـم بولـىدىغان ھەر خـىل نەشـىردىكى Windows قـاچىلاش ئويتـاك دىسكىسىدىن ھەر-بىردىن بىر تالدىن.

# مەشغۇلات باسقۇچى

(1) مۇندەرىجە ۋە ھۆججەتلەرنى تەييارلاش

(2)خــزمەت مۇندەرىجىســىنى تەييــارلاش.ئالــدى بىــلەن EasyBoot نــى قاچىلايمىز.مەسىلەن.\ EasyBoot D:پىروگراممىا قاچىلىنىپ بولغاندىن كىيىن ئاپتوماتىك ھالدا بىر قاتار مۇندەرىجىلەر تۇرغۇزۇلىدۇ.لىكىن باشقۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن بىز باشقىدىن خىـزمەت مۇندەرىجىسى تۇرغـۇزىمىز.مەسىلەنD:\XWin ؛: يەنە بۇنىـڭ ئاستىغا مەخسۇس قـوزغىتىش بـۆلىكىنى ساقلايدىغان ھـۆججەت قىسقۇچ IMG نـى تۇرغـۇزىمىز(ئوخشىمىغان نەشىردىكى EasyBoot نىڭ بۇ مۇندەرىجىگە قويىدىغان مۇندەرىجە ئىسمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۆزگەرتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.)

مەشـغۇلات سىستېمىسـىنى قاچىلايدىغان مۇنـدەرىجىنى تەييـارلاش D:\XWin .ئاستىغا 3دانە قىسمىي مۇنـدەرىجە تۇرغـۇزىمىز:98 Win (Win dows98نـى قـاچىلاش ھـۆججەتلىرىنى ساقلاشـتا ئىشـلىتىلىدۇ) ، 2 Win(Windows2000نـىڭ قـاچىلاش ھـۆججەتلىرىنى ساقلاشتا ئىشلىتىلىدۇ)، ۋە XPPR (WindowsXPنىڭ قاچىلاش ھۆججەتلىرىنى ساقلاشتا ئىشلىتىلىدۇ)

دىققەتWindows2000/XP:نـىڭ سىستېما ھـۆججەت قىسقۇچىنىڭ نـامى4 ھەرپتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى شەرت،ئۇنداق بولمىغاندا باشلامچى بۆلەكنى ئۆزگەرتكەن ۋاقىتتا بىر تەرەپ قىلىش تەسكە توختايدۇ.

يۇقـارقى مەشـغۇلاتلاردىن كـېيىن ئـايرىم-ئـايرىم ھالـدا يۇقـارقى 3خـىل سىسـتېما ھۆججەتلىرىنى ماس بولغان ھۆججەت قىسقۇچلىرىغا كۆچۈرىمىز. بۇنىڭدا Windows2000/XP نىڭ 386 iمۇندەرىجىسى ئىچىدىكى ھۆججەتلەرنىلا كۆچۈرسەك بولىدۇ.دىققەت؛ 386 iدىكەن

ھۆججەت قىسقۇچ بىلەن بىرلىكتە كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقاWindows2000/XP نىڭ ئەسلى دىسكىسىدىكى غول مۇندەرىجە ئاستىدىكىCdrom_ip.5، Cdrom_nt5، Win51ۋەWin51ip قاتارلىق ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى D:\XWinمۇندەرىجىسى ئاستىغا كۆچۈرۈپ كىلىمىز .

كېيىن ئىشلىتىشتە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ھەرقايسى سىستېمىلارنىڭ قاچىلاش نومۇرىنىD:\XWin ئاستىغا بىر تېكىست ھۆججىتى قىلىپ ساقلايمىز.مەسىلەنsn.txt كىچىك ماھارەت(Win20001 غا نىسبەتەن كۆچۈرلۈپ بولغان D:\XWin\win2 ئاستىدىكى setupp.iniنى ئۆزگەرتىپPid نىڭ ئەڭ ئاخىردىكى 3خانىسىنىڭ قىممىتىنى 270قىلىپ قويساق ،قاچىلاش جەريانىدا قاچىلاش نومۇرىنى سورىمايدۇ. يەنى تۆۋەندىكىدەك

[Pid]

ExtraData=12345678901234567890123456789

Pid=12345270

(2)باشقا قورال يۇمشاق ماتېرىياللارنى تەييارلاش.

D:\XWinئاستىغا ئىسمى tools بولغان بىر ھۆججەت قىسقۇچنى قۇرۇپ ئۇنىڭ ئىچىگە قورال ماتېرىياللارنى كۆچۈرۈپ لازىم بولغاندا ئىشلەتسەك بولىدۇ.مەسىلەن DM،QMAGICقاتارلىقلار.

### 2.ئويېتك دىسكا قوزغىتىش بۆلىكىنى تەييارلاش

(1)قوزغىتىش بۆلىكىگە ئېرىشىش.يۇقىرىدا سۆزلەنگەن 3خىل مەشغۇلات سىستېمىسى ئويېتىك دىسكا قوزغىتىش بۆلىكى ئىلىشقا ماس كېلىدۇ.بۇلار يۇقارقى ئۇسۇلدا ياكى EasyBoot قاچىلانغاندىن كېيىن ئاپتوماتىك ھالدا D:\ EasyBoot\disk1\ezboot مۇندەرىجىسى ئاستىغاقاچىلانغان باشلىنىش بۆلىكىدىن ئېلىنىدۇ.بۇ setup98.img ، w2ksect.bin قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.بۇ يەردە بىرلەشتۈرلىدىغىنى كۆپ خىل مەشغۇلات سىستېمىسى بولغاچقا w2ksect.bin دىن يەنە بىرنى كۆچۈرۈپ ئىسمىنى xpsect.bin قويىمىز.،ئەڭ ئاخىرىدا بۇ 3ھۆججەت (setup98.img ، w2ksect.bin ، xpsect.bin )نى D:\XWin\ IMG ئاستىغا كۆچۈرۈپ كىلىمىز.

(2)باشلامچى بۆلەكنى ئۆزگەرتىش

تۆۋەندىكى ئۆزگەرتىشلەرD:\XWin\ IMG مۇندەرىجىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز Windows98 نى قاچىلاش مۇندەرىجىسىنى Win98 دەپ بېكىتكەندۇق، شۇڭا EasyBootئۆزى ئېلىپ ماڭغان setup98.img نى ئۆزگەرتمىسەكمۇ بولىدۇ.

UltraEdit32قاتارلىق 16لىك سىستېما تەھرىرلىگۈچ ئارقىلىق w2ksect.bin نى ئېچىپ بۇنىڭدىكى «i386» نى «Win2» گە ئۆزگەرتىمىز xpsect.bin. نى ئېچىپ بۇنىڭدىكى «i386» نى «XPPR» گە ئۆزگەرتىمىز.يەنە Win2 ھۆججەت قىسقۇچ ئاستىدىكى setupldr.binھۆججىتىدىكى بارلىق «i386» نى «Win2» گە ئۆزگەرتىمىز.ھەم «XPPR» مۇندەرىجىسى ئاستىدىكى بارلىق setupldr.bin نى «XPPR» گە ئۆزگەرتىمىز.

## 3.ئۆيتېك دىسكىدىن قوزغىتىش تىزىملىكىنى ياساش

EasyBootنى قوزغىتىپ «新建» نى باسىمىز.ئاندىن «保存» نى چېكىپ چىققان دىئالوگ رامكىسىدىن تىزىملىك تۈرىنى D:\XWIN ھۆججەت قىسقۇچ ئاستىدىكى Menu.ezb ھۆججىتى دەپ ساقلايمىز.بۇنىڭ بىلەن يېڭى بىر ئۆيتېك دىسكا قوزغىتىش تىزىملىكى ياسىلىدۇ.«تىزىملىك تالچىسى(采单条)»تۈرىدىن «添加» نى چەكسەك بىر قوزغىتىش تۈرى قوشۇلىدۇ ھەم مۇناسىۋەتلىك لايىھەلەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.دىققەت:ھەر بىر مۇناسىۋەتلىك لايىھەلەشنى كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن چوقۇم قايتۇرۇش كونۇپكىسى()نى باسساق ئاندىن لايىھەلەش كۈچكە ئىگە بولىدۇ.ھەر قايسى قوزغىتىش تۈرلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك لايىھەلىرى تۆۋەندىكىدەك:

چۈشەندۈرۈش

تىز قوزغىتىش تىزىملىكى تىزىملىك تېكىستى ئىجرا قىلىدىغان بۇيرۇق تىزىملىك تۈرى ئەگەر مەلۇم بىر سىستېمىنى قاچىلىنىش كۆڭۈلدىكى باشلاش تىزىملىكى قىلىپ قويماقچى بولساق مۇناسىۋەتلىك تىزىملىك تۈرىدىكى «كۆڭۈلدىكى قىممەت قىلىپ بەلگىلەش»نى چېكىپ قويىمىز.

[1] 安装Windows98

run setup98.img

安装Windows98

[2] 安装Windows2000

run w2ksect.bin

安装Windows2000

[3] 安装WindowsXP

run wxpsect.bin

安装Windowsxp

[4] 从硬盘引导系统

Boot 80

从硬盘引导系统

[5] 从软盘引导系统

Boot 0

从软盘引导系统

[6]重新启动计算机

reboot

重新启动计算机

ئالىپلار ياسىغان ئۇيغۇرچىلارشتۇرۇلغانGhostXP مۇ مۇشۇ تېخنىكا ئارقىلىق ياسالغان،سىلەرمۇ تېرىشساڭلار ئۆزۈڭلار قوزغىلىدىغانGhostXP ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قورال ماتېرىياللارنى توپلاپN بىرلەشتۈرۈلگەن1ئوپتىك دىسكىسىنى ياساپ چىقالايسىلەر،سىلەرگە ئۇتۇق تىلەيمەن.

ماقالە مەنبەسى: بىلىك كۇلۇبىدىن abdughupur يوللانمىسى


**ئالاھىدە ئەسكەرتىش:**

*ھەرقايىسى تور بىكەت قۇرغۇچى تورداشلار سەمىگە:*

*تور بېكىتىمىز ھەرقايىسى تور بىكەتلەردىكى پايدىلىنىش قىممىتى بار دەپ قارىغان بىر قىسىم ماقالىلەرنى مەزكۇر ژۇرنالغا كىرگۈزدۇق. شۇنداقلا ماقالە مەنبەسى ۋە يوللىغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنىمۇ قوشۇپ يوللىدۇق. ھەممىمىزنىڭ توردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى ئۈچۈن ماقالە توپلاپ مەزكۇر ژۇرنالنى ئىشلىدۇق. ئەگەر ماقالىمىز ئوغۇرلاندى دەپ قارىسىڭىز خەۋەر قىلسىڭىز دەرھال ئۆچۈرۈۋېتىمىز. كومپيۇتېر توردىن پايدىلىنىش قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن دوستلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ماسلاشقىنىڭىزلارغا رەھمەت.*

*ھۆرمەت بىلەن:*


*خىيال ئۇنۋېرسال تور بېكىتى*



# سۇئال - جاۋابلار

**سۇئال: قانداق قىلغاندا Windows XP نى ئۆچۈرگەندە ئاپتوماتىك ھالدا ۋاقىتلىق ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ؟**


جاۋاب: 控制面板دىن بۇيەرنى تېپىپ 管理工具→本地安全策略→本地策略→安全选项 كىلىپ 关机: 清理虚拟内存页面文件نى قوزغىتىپ قويساقلا ئىش پۈتتى




**سۇئال: يېقىندىن بېرى WinXP نىڭ ساقتا نەشرىنى يېڭىلىغاندىن كېيىن قېتىۋالىدىغان ياكى كومپيۇتېرنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟**

جاۋاب: ئامال خېلى كۆپ، بۇ يەردە ئاساسلىق قىلىپ تۇنۇشتۇرماقچى بولغىنىمىزدىن Windows نىڭ ئاپتوماتىك يېڭىلاش ئىقتىدارىنى تاقىۋېتىڭ. بۇنىڭ تەرتىپى:

控制面板→自动更新→关闭自动更新




**سۇئال: كومپيۇتېرىمدىكى خەت كىرگۈزۈش بەلگىسى (كومپيۇتېرنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىنقى بۇرجىكىدىكى خەت كىرگۈزگۈچ بەلگە) تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى، خېلى ئىزدەپمۇ ئەسلىدىكى ھالەتكە ئەكىلەلمىدىم . بۇنى قانداق قىلسام ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمەن ؟**

جاۋاب: Ctrl+Shift نى بېسىپ سىناپ بېقىڭ.  يەنە قاملاشمىسا مائۇسنى ئېكراننىڭ ئەڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى ھالەت قۇرىغا ئەكىلىپ،ئوڭ تەرەپ كونۇپكىسىنى بېسىپ خاسلىقنى تاللاڭ، خاسلىق ئىچىدىكى قۇرال ئىستونىدىن تىل ئىستونىغا بەلگە قويۇڭ.مانا مۇنداق:

任务栏——工具栏——语言栏

يەنە بىر ئۇسسۇل:

控制面板→区域和语音选项→语言→详细信息…→高级

بۇ ئورۇنغا كىرگەندىن كېيىن ئاستىنقى تەرەپتىكى كۆپ تاللاش تۈرلىرىنىڭ ئالدىدىكى بەلگىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتسىڭىزلا بولىدۇ.

**سۇئال: Esc كۇنۇپكىسىنىڭ قانداق رولى بار؟**

جاۋاب: 1.ئەمەلدىن قالدۇرۇش دىگەن تۈر بار تاللاش رامكىسىدا مائۇسنىڭ بىۋاستە رولىنى ئوينايدۇ.

2.تورغا چىققاندا بۇ كۇنۇپكا ئارقىلىق ئۇلىنىۋاتقان بەتنى توختىتىدۇ.

3. Ctrl+Shift+Esc ئارقىلىق ۋەزىپە باشقۇرغۇچقا كىرىشكە بولىدۇ.

4. Alt + Esc ئارقىلىق كۆزنەكلەرنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ .

بۇ يازما تەرمىلەر مۇنبىرىدىن ئېلىندى

http://www.termiler.com/munber/

**سۇئال: يېقىندا كومپيۇتېرىمغا ۋىرۇس يۇقۇپ قېلىپ ۋىرۇس تازلاش قورالىدىن پايدىلىنىپ پەقەتلا ئۆچۈرەلمىدىم . نەشىرنى يېڭىلاي دەپ نەشىرنى يېڭىلىسام ئاز قالغاندا كومپيوتېر قېتىۋالدى ، باشقا ۋىرۇس ئۆلتۈرۈش يۇمشاق دىتاللىرىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىسام پەقەتلا ئېجرا بولمىدى ھەتتا QQ غىمۇ چىقمايدۇ مەخپى شىفىرىڭىز خاتا دەپلا ئۆچۈپ چىقىۋالىدۇ لېكىن باشقا كومپيوتېردا ئاچسام ئېچىلىدۇ ، تورىدا ۋىرۇس ئۆلتۈرۈپ باقاي دىسەم ئۆمۈ قوزغالمىدى ،قىزىق يېرى قاچىلاپ قوزغالمىغان ۋىرۇس ئۆلتۈرۈش يۇمشاق دىتاللىرىنى كونترول تاختىسىدىن ئۆچۈرەي دىسەم كونترول تاختىسىدىنمۇ ئۆچۈرەلمەيۋاتىدۇ**

جاۋاب: كومپيۇتېرىڭىزغا قاچىلانغان سىستېما ۋە باشقا قورال دىتاللار ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ. سىز ئالدى بىلەن كومپيۇتېرنى بىر قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى: 开始→程序→附件→系统工具→系统还原 ئىچىدىن كومپيۇتېرنى نورمال ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتىكى ھالەتكە قايتۇرۇشقا بولىدۇ، ئەگەر يەنە نورمال بولمىسا Windows نىڭ قاچىلاش دىسكىسىدىن پايدىلىنىپ سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شەكلى بويىچە قايتا قاچىلىسىڭىز بولىدۇ. كۇنۇپكا تاختىسىدىن Win+R كۇنۇپكىسىنى ياكى باشلاش تىزىملىكى ئاستىدىكى ئىجرا قىلىش تۈرىنى تاللاپ ئىجرا قىلىش كۆزنىكىنى ئاچىمىز. بۇيرۇق يېزىش قۇرىغا Sfc /SCANNOW نى كىرگۈزۈپ ئىجرا قىلسىڭىز سىستېما تەكشۈرگۈچ ئاپتوماتىك قوزغىلىپ، بۇزۇلغان ھۆججەتلەرنى تەكشۈرىدۇ. ئەگەر بۇزۇلغان ھۆججەت بايقىسا WinXP نىڭ قاچىلاش دىسكىسىنى سېلىش توغرىسىدا ئۇچۇر كۆرسىتىدۇ. سىز قاچىلاش دىسكىسىنى سالغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇرسىڭىز سىستېمىڭىز ئەسلىگە كېلىدۇ. ئەگەر يەنە ئامال بولمىسا ئەڭ ياخشىسى سىستېمىنى قايتا قاچىلىماقتىن باشقا ئامال يوق.

مەنبە: خىيال تورى http://www.hiyal.com/uyghur/showart.asp?id=159

**سۇئال: بىر ئويدان ئىشلەۋاتقان كومپيۇتېر تۇرۇپلا كۆك ئېكران بولۇپ قېتىۋېلىپ ، قايتا**

**قوزغىتىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. سىستېمىنى قايتا قاچىلارى دىسەم مالىيەگە ئائىت سىستېما بار ئىدى. ئۆچۈرۈۋېتىشكە بولمىدى**

جاۋاب: بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە ئەھۋالدىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

1. ئاساسى تاختىنىڭ قوزغاتقۇچ پروگراممىسىنىڭ قاچىلىنىش ئەھۋالىنىڭ توغرا بولماسلىقىدىن قاتتىق دىتاللار ئارىسىدا ماسلاشماسلىق كېلىپ چىققان بولىشى مۇمكىن ، بۇنىڭ ئۈچۈن قوزغاتقۇچ پروگراممىسىنى قايتىدىن قاچىلاپ كۆرۈڭ.

GHOSTXP.2قاچىلاش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولىشى مۇمكىن ، ئەگەر GHOSTXP نى قاچىلىغان بولسىڭىز ، WindowsXPنىڭ قەدەممۇ ـ قەدەم تولۇق قاچىلايدىغان ئۆپتىك دىسكىسى ئارقىلىق قاچىلاپ كۆرۈڭ.

. cmos3پارامېتىرلىرى توغرا تەڭشەلمىگەن بولىشى مۇمكىن . cmos نىڭ ئاپتوماتىك تاللاش تۈرىنى تاللاپ سىناپ بېقىڭ.

. 4يۇقارقى ئەھۋاللار بولمىسا ، قاتتىق دىتالنىڭ ماسلاشماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولىشى مومكىن ، ئۇنداقتا كومپيۇتېر ئالغان ئورۇن بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرۈڭ

5. بۇرۇن مىنىڭ كومپيۇتېرىمدىمۇ مۇشۇنداق كۆڭ ئېكران ھالىتىدە قېتىۋالىغان ئەھۋال يۈزبەرگەن، دەسلەپتە كۆڭ ئېكران بولىۋالغاندا، كومپيۇتېرنى قايتا قوزغاتقاندا ئوڭشىلىپ كەتكەنىدى، كېيىن قايتا۔ قايتا شۇنداق بولىۋەردى، كومپيۇتېرنى قايتا قوزغىتالمىغاندىكىن سىستېمىنى قايتا قاچىلىدىم .كومپيۇتېرىم قايتا قوزغالغان بولسىمۇ ،يەنە شۇنداق ئەھۋال تەكرارلىنىۋەردى، كېيىن كومپيۇتېر رىمۇنت دۇكىنىغا ئاپارغانىدىم، ئۇلار سىپيۇنىڭ شامالدۇرغۇچىنى چوڭراق شامالدۇرغۇچقا ئالماشتۇرمىسىڭىز بولمايدىكەن، دىدى.ئالماشتۇرغاندىم، شۇنىڭدىن بۇيان مۇنداق ئەھۋال قايتا كۆرۈلمىدى. بەلكىم بۇنىڭ سىزگە ياردىمى تىگەر....

**سۇئال: مەن ئەلكاتىپ 5.0 نىڭ ھەقلىق نۇسخىسىنى قاچىلىغان ئىدىم، ئۇنىڭ ئىملا تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە بىر بۆلۈك ماتېرىيالنى ئىچىپ ئىملا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىدىم، نۇرغۇن ئىملا خاتالىقى تېپىپ، ئاستىغا قىزىل ئەگرى سىزىق سىزىپ قويۇپتۇ، (ئىملاسى ئاساسى جەھەتتىن توغرا ئىدى). كېيىن بۇ ماتېرىيالنى بېسىپ چىقارسام ئاستىدىكى ئەگرى سىزىقمۇ بىللە چىقىپتۇ، ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ سىزىقلارنى يوقىتالمىدىم.**

جاۋاب: سىز ئەڭ ئۈستىدىكى ئۇيغۇر سوفت دەپ خېتى بار يەردىكى سۆپۈرگىنىڭ بەلگىسىنى بېسىۋېتىڭ، سىزىقلارنى سۆپۈرۈۋاتىدۇ

**سۇئال: word دا ئۇيغۇرچە خەت ئۇرسام خەتلەرنىڭ ئارلىقى نورمال بولمىدى. بۇنى تەڭشەشنىڭ ئامالى بارمۇ؟**

**جاۋاب** : 格式 تىزىملىكىدىن 段落 نى تاللاپ 对齐方式 دىن 中度调整 نى تاللاپ قويسىڭىز ماقالا

ناھايىتى چىرايلىق تىزىلىدۇ. سۆز ئارىلىقى نورمال بولۇپ سۆزلەر ئاپتۇماتىك سوزۇلىدۇ.

**سۇئال: Excel دا بىر كاتەكچىگە ئىككى قۇر خەت كىرگۈزۈش ئۈچۈن قانداق قىلىمىز؟**

جاۋاب: بىرىنچى قۇر خەتنى كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن Alt+Enter كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز خەت كىرگۈزۈش نۇربەلگىسى كېيىنكى قۇرغا چۈشىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى قۇردىكى خەتنى كىرگۈزسىڭىزلا بولىدۇ.

**سۇئال: قانداق قىلغاندا ئىكىس ئىلىنى ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. مەن ئىكىس ئىلىنى ئۆگىنەي دىگەن ئىدىم بولمىسا جەدۋەل تۈزگەندە بەكلا قىيىلىنىپ كىتىدىكەنمەن ماڭا ياردەم قىلغان بولساڭلار ؟**

جاۋاب: officeبىلىم جەۋھەرلىرى دىگەن كىتاپنى ستتۇبلىك ياكى مۇشۇنىڭغا ئائىت كىتاپلار بولسىمۇ بولىدۇ.قالغان بىلمىگەن جايلارغا ئىنتىل سەيناسى سىزگە ياردەم قىلىدۇ . مەنبە ئىنتىل سەيناسى

**سۇئال: تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكى كۈننى قانداق ھېسابلايمىز؟**

| جەمئىي كۈن سانى | چىققان ۋاقىت | كىرگەن ۋاقىت | ئىسمى ـ ئاتىسى |
|---|---|---|---|
| 2 كۈن | 12ـ ئاي7ـ كۈن | 12ـ ئاي5ـ كۈن | ئالىم مەممەت |
| 16 كۈن | 2ـ ئاي 15ـ كۈن | 1ـ ئاي31ـ كۈن | ئىلى تۇرسۇن |

**مۇشۇنداق جەدىۋەل دىكى كۈن سانىنى قانداق ئاپتۇماتىكى ئۇسۇل ئارقىلىق ھىسابلاپ چىققىلى بولىدۇ ؟**

جاۋاب: سىز چىقىرىپ قويغان كۈن سانىمۇ توغرا ئەمەسكەن. مەسلەن : 5 ـ چىسلا ياتاققا كىرگەن بولسا 7 ـ چىسلا ياتاقتىن چىققان بولسا جەمئى كۈن سانى 3 كۈن بۇلۇدۇ.

سىز تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى سىناپ بېقىڭ:

| ئىزاھ | ياتقان كۈن سانى | ياتاقتىن چىققان ۋاختى | ياتاققا كىرگەن ۋاختى |
|---|---|---|---|
| =SUM(B2ـA2)+1 | 1 | 2007ـ1ـ15 | 2007ـ1ـ15 |
| =SUM(B3ـA3)+1 | 20 | 2007ـ2ـ10 | 2007ـ1ـ22 |
| | 常规格式 | 日期格式 | 日期格式 |

يۇقارقى جەدىۋەلنىڭ ئىزاھ كاتەكچىسىدىكى فورمۇلانى C2 گە كىرگۈزىمىز. ھىساپلاپ چىققان قىممەت يەنىلا چىسلا چەكلىدە بۇلۇدۇ، بىز بۇ كاتەكچىنىڭ فورماتىنى 常规 گە ئۆزگەرتسەك ئەملىي كۈن سانى چىقىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا مەيلى

ئاي، ياكى يىل ئاتلىسۇن يەنىلا كۈن سانىنى توغرا ھېساپلاپ چىقىرىپ بېرىدۇ .
(دىققەت: فورمۇلاغا بىرنى قوشۇپ قويۇشۇمىدىكى سەۋەپ شۇ كۈنى ياتاقتا كىرىپ شۇ كۈنى چىقىپ كەتسە 0 كۈن بولۇپ قالىدۇ، ئەمىلىيەتتە بۇنى بىز 1 كۈن دەپ ھىساپلايمىز، شۇڭا چوقۇم 1 نى قوشۇپ قويۇش كېرەك)
ماقالە مەنبەسى: ئىنتىل سەيناسى
http://www. intil. cn/bbs/ShowPost. asp?ThreadID=18384

**سوئال: مەن «ئەلكاتىپ» يۇمشاق دېتالىنىڭ دائىملىق ئىشلەتكۈچىسى بولۇپ، ئىلگىرى «ئەلكاتىپ 3.9» نى كۆپ ئىشلەتكەن ئىدىم. ئۇنىڭدا بېسىلغان ماتېرىياللار كۆپ بولۇپ، بۇ قېتىم «ئەلكاتىپ 5.0»نى قاچىلىسام، ئىلگىرىكى ھۆججەتلەر قالايمىقان بولۇپ كېتىپتۇ. نېمە ئۈچۈن بىر شىركەتنىڭ مەھسۇلاتى بولغان بۇ يۇمشاق دېتال ئۆز ـ ئارا ماسلاشمايدۇ؟ ئىلگىرىكى ماتېرىياللارنى قانداق قىلىپ، «ئەلكاتىپ 5.0» دە ئىشلىتەلەيمەن؟**

**جاۋاب:** «ئەلكاتىپ» يۇمشاق دېتالى 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تەتقىق قىلىنىپ بازارغا سېلىنغاندا، ئۇيغۇرچە ھەرپلەرنىڭ كود ئۆلچىمى ھېچقانداق ئورۇن تەرىپىدىن بېكىتىلمىگەن بولۇپ، ھەرپلەرنىڭ كود ئورنىنى ئەرەبچە رايونلارغا قىسمەن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ياساپ چىققان ئىدۇق. كېيىن، بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئىشلەنگەن ۋە ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى ھەر خىل بولغان باشقا ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش يۇمشاق دېتاللىرى ئارقىمۇئارقىدىن بارلىققا كەلدى. ئەمما، ئۇيغۇرچە كود ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق كۆرۈلۈپ، كومپيۇتېردا ئۇيغۇرچە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتا بىردەك بولماسلىق سەۋەبىدىن زور قىيىنچىلىق تۇغۇلدى. يېقىندا ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز ھەرپلىرىنىڭ خەلقئارالىق، دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك ئۆلچىمى بېكىتىلىپ رەسمىي ئېلان قىلىندى. شۇ سەۋەبتىن، بۇ قېتىمقى «ئەلكاتىپ 5.0» پۈتۈنلەي يېڭىلىنىپ، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم بويىچە ياسالدى ھەم Windows VISTA بىلەن ماسلاشتۇرۇلدى.

شۇڭا، ئىلگىرىكى «ئەلكاتىپ 2.7/3.1/3.9» دە بېسىلغان ھۆججەتلەرنى «ئەلكاتىپ 5.0» دە بىۋاستە نورمال كۆرۈشكە بولمايدۇ. لېكىن، «ئۇيغۇرسوفت كود ئالماشتۇرۇش پروگراممىسى» ئارقىلىق، «ئەلكاتىپ» نى «يۇنىكود» قا ئالماشتۇرۇپ كۆرسىڭىز بولىدۇ. سىزگە قۇلايسىزلىق ئېلىپ كەلگەن بولسا، كەچۈرۈڭ.

**سوئال: مەن «ئەلكاتىپ 5.0» نى قاچىلاپ Uighursoft HG Song دېگەن خەت نۇسخىسىنى تاللاپ خەت يازسام نورمال يېزىلمىدى، نېمە ئۈچۈن؟**

**جاۋاب:** «ئەلكاتىپ 5.0» يۇمشاق دېتالى يېڭى ئۆلچەم بويىچە ياسالغان بولۇپ، خەت نۇسخىلىرىنىڭ نامى بىردەك ALKATIP دىن باشلىنىدۇ، مەسىلەن: ALKATIP Basma دېگەندەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە باسما ئېھتىياجى بويىچە خەت نۇسخىلىرىنىڭ خەنزۇچە پىنيىن بويىچە قويۇلغان نامى بىردەك باسما، كىتاب، گېزىت ۋە ژۇرنال ئۆلچىمى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىلىپ ئۇيغۇرچە نام بىلەن ئاتالدى ھەمدە لاتىن يېزىقى ئارقىلىق ئىپادىلەندى.

بۇ قېتىم خەت نۇسخىلىرىدىكى ھەرپ شەكىللىرى خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە ھەرپلەر بىلەن مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە يېزىقلار بىلەن ئارىلاش بىر تەرەپ قىلغاندا، ئۇلارنى كىچىكلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

مەسىلەن:

**ئەلكاتىپ باسما نۇسخىسى** فونت نامى: **ALKATIP Basma**

«ئۇيغۇرسوفت ئەل كاتىپ» باسما نۇسخا

**ئەلكاتىپ باسما توم نۇسخىسى** فونت نامى: **ALKATIP Basma Tom**

**«ئۇيغۇرسوفت ئەل كاتىپ» باسما نۇسخا (قارا)**

**ئەلكاتىپ كىتاب نۇسخىسى** فونت نامى: **ALKATIP Kitab**


«ئۇيغۇرسوفت ئەل كاتىپ» كىتاب نۇسخا

**ئەلكاتىپ كىتاب نۇسخىسى** فونت نامى: **ALKATIP Kitab Tom**

**«ئۇيغۇرسوفت ئەل كاتىپ» كىتاب نۇسخا (قارا)**

**سوئال: مەن «ئەلكاتىپ 5.0» نى قاچىلاپ ALKATIP Basma دېگەن خەت نۇسخىسىنى تاللاپ، باشقا خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە خەتلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يازسام چوڭلۇقى ناھايىتى سۈپەتلىك چىقتى. ئەمما، ھەرپلەرنىڭ ئاستى تەرىپى كۆرۈنمىدى، مەسىلەن: «دېدي» ـ دېگەندەك، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلسام ئوڭشىلىدۇ؟**

جاۋاب: «ئەلكاتىپ 5.0»نىڭ خەت نۇسخىلىرى دۆلەت ئۆلچىمىدىكى باسما ئۆلچەم بويىچە




ياسالغان بولۇپ، چوڭلۇقى خەنزۇچە خەتلەر بىلەن ماسلاشتۇرۇلدى. ئۇيغۇرچە غول سىزىق خەنزۇچە خەتلەرنىڭ غول سىزىقىغا تەڭشەلگەن بولغاچقا، ناھايىتى ئايرىم ئەھۋاللاردا، بەزى ئاستىغا چىكىت كېلىدىغان ئۇيغۇرچە ھەرپلەردە نورمال كۆرۈنمەيدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن:


Microsoft_Word نىڭ باش تىزىملىكىدىن【格式】(فورمات) نى تاللاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن【字体】(خەت نۇسخىلىرى) نى تاللايمىز.【字符间距】(ھەرپ ـ بەلگە ئارىلىقى)نى تاللاپ،

ئۇنىڭ ئىچىدىكى【位置】(ئورنى)دىن【提升】(يۇقىرى كۆتۈرۈش)نى تاللاپ، ئۇنىڭ تەرەپىنى 3磅 (3 قاداق) قا تەڭشەيمىز. ئاندىن【确定】(جەزملەشتۈرۈش)نى باسساق بولىدۇ.

**سوئال: مەن «ئەلكاتىپ 5.0» نى قاچىلىغاندىن كېيىن، نۇر بەلگىسى بار ھەرقانداق ئورۇنغا ئۇيغۇرچە يېزىشقا بولىدىكەن، لېكىن، ئۈستەلىيۈزىگە ئۇيغۇرچە خەت يازسام ئېنىق كۆرۈنمىدى، قانداق قىلسام چىرايلىق كۆرۈندىغان قىلالايمەن؟**


جاۋاب: ئالدى بىلەن «ئەلكاتىپ 5.0» قاچىلاش داۋامىدا، تۆۋەندىكى تورنىڭ ئالدىغا توغرا بەلگە قويۇلغان بولۇپ، تاللاشنى ئېلىۋەتمەڭ. ئاندىن شۇ بويىچە قاچىلاپ، كومپيۇتېرنى قايتا قوزغىتىمىز.

USP10.DLL V1.0614.5342.2 及系统字体(Tahoma)更新程序(推荐)





Windows نىڭ【桌面】(ئۈستەلىيۈزى) دىن مائۇسنىڭ ئوڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، كۆرۈنگەن تىزىملىكتىن【属性】(خاراكتېرى) نى تاللاڭ، ئاندىن【外观】(تاشقى كۆرۈنۈش) نى تاللاپ،【高级】(ئالىي دەرىجە) گە كىرىڭ. ئاندىن【项目】(تۈرلەر) نىڭ ئىچىدىن【图标】(سىنبەلگە) نى تاللاڭ. ئاستىدىكى【字体】(خەت نۇسخىلىرى) دىن Microsoft Sans Serif نى تاللاپ،【确定】(جەزملەشتۈرۈش) كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىز بولىدۇ(سول تەرەپتىكى رەسىمگە قاراڭ).


**سوئال: ئەلكاتىپ 5.0 دە كود ئالماشتۇرسام ياكى ئىملا تۈزۈتۈش ئىقتىداردىن پايدىلىنىپ ئىملا تەكشۈرسەم رەسىمدىكىدەك ئۇچۇر چىقىۋالىدۇ قانداق ھەل قىلىمەن؟**





جاۋاب: ئالدى بىلەن مۇنداق قىلىڭ:


(1)【Microsoft Word->工具->模板与加载项】گە كىرىپ، USPELL5, UTRAN دېگەندەكلەرنىڭ ئالدىدىكى توغرا بەلگىسىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاڭ.








(2) 【Microsoft Word_->工具_->宏_->安全性】 گە كىرىپ، 【低】 گە تەڭشەك



(3) 【Microsoft Word->工具->模板与加载项】 گە كىرىپ، USPELL5, UTRAN دېگەندەكلەرنىڭ ئالدىدىكى توغرا بەلگىسىنى قايتىدىن تاللاڭ. يۇقىرىدىكى تەرتىپ بويىچە قىلسىڭىز ئوڭشىلىدۇ.




ئەگەر يەنە شۇنداق ئەھۋال چىقىۋېلىپ ئوڭشالمىسا، مىكروسوفت ئوففىسنى ئۆلچەملىك قايتا قاچىلىۋەتسىڭىز ئوڭشىلىدۇ.

**ئۈرۈمچى ئۇيغۇرسوفت كومپيۇتېر شىركىتى يۇمشاق دېتال تەتقىقات بۆلۈمى**
**ئادرېس:** ئۈرۈمچى قىزىلبايراق يولى كومپيۇتېر بازىرى تۆتىنچى قەۋەت 4319-نومۇر
**تېلېفون:** 2813300، 2839871-0991 **تور ئادرېس:** http://www.uighursoft.com

ئەگەر Office 2007 دە نورمال ئىشلىتەلمىگەن بولسىڭىز خىيال تور بېكىتىنىڭ مۇنازىرە مۇنبىرىدىن كۆرۈۋېلىڭ. بۇ مەزمۇن كېيىنكى ساندا تارقىتىلىدۇ.



يۇلغۇن تور بېكىتى

# يۇلغۇن تەھرىرلىگۈچ 1.7 نۇسخىسى تارقىتىلدى

خەلقئارالىق ئۆلچەملەرگە ئاساسەن Unicode ئىشلىتىلگەنلىگى ئۈچۈن،بۇ تەھرىرلىگۈچنى باشقا Unicode نى قوللايدىغان تېكىست ۋە ھۆججەت بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىلىرى بىلەن بىللە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بۇ تەھرىرلىگۈچ بىلەن مول تېكىست شەكلىدە ساقلانغان ھۆججەتلەرنى Windows دا Wordpad ياكى Word Microsoft بىلەن بىۋاستە ئېچىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئاددى تېكىست شەكلىدە ساقلانغان ھۆججەتلەرنى بولسا Notepad قاتارلىق پىروگىراممىلار بىلەن ئېچىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

يۇلغۇن تەھرىرلىگۈچ مول تېكىست شەكلىنى ئاساسى شەكىل قىلغان ھالدا ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. مول تېكىست Microsoft تەرىپىدىن ئوچۇق ئېلان قىلىنغان ئۆلچەم بولۇپ، Windws, MacIntosh , Unix قاتارلىقكۆپلىگەن سىستېمىلاردا قوللاشقا ئىگە. مول تېكىستتە، بىر ھۆججەت ئىچىدە ھەرخىل فونتلارنى ھەرخىل چوڭلۇقتا، ھەرخىل شەكىلدە، ھەرخىل رەڭدە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مول تېكىست ھۆججەتلىرى ئادەتتە rtf. قوشۇمچىسى بىلەن ساقلىنىدۇ.

كەڭ ئۇيغۇر ئىشلەتكۈچىلەرگە ئاسانلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇيرۇق تىزىملىكى ۋە قىسقا ئۇچۇرلار ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا كۆرسىتىلدى. ئېكران كۆرۈنۈشلىرىگە قارىسىڭىز بۇلارنى كۆرەلەيسىز.

1. مەشغۇلات سىستېمىسىغا بولغان تەلەپ: يۇلغۇن تەھرىرلىگۈچ Unicode نى قوللايدىغان Windows XP Windows Professional 2000, سىستېمىلىرىدا ئىشلەيدۇ. Windows NT دىمۇ ئىشلىتىش مۇمكىن ئەمما تېخى سىناپ باقمىدىم. Windows ME Windows 98, ۋە Windows XP Home Edition قاتارلىقلاردا توغرا ئىشلىمەيدۇ.

2. يۇلغۇن تەھرىرلىگۈچ Microsoft نىڭ يېڭى تارقىتىۋاتقان Net. قۇرۇلمىسىنى ( Net Framework. (V.2.0 ئىشلىتىدۇ. ئەگەركومپيۇتېرىڭىزدا بۇ قۇرۇلما بولمىسا ياكى بار يوقلىقىنى بىلمىسىڭىز ئاۋۋال بۇ يەرنى (dotnetfx.exe MB24) بېسىپ بۇ قۇرۇلمىنى قاچىلاڭ.

دىققەت: Net. قۇرۇلمىسى يېڭىلانغاچقا 1.7ـ نۇسقىسىدىن ئىلگىرىكى نۇسقىلىرىنى ئىشلىتىۋاتقان بولسىڭىز، dotnetfx.exe ھۆججىتىنى قايتا قاچىلىشىڭىز كېرەك.

3. بۇ يەرنى (yulghun.exe MB2.1) بېسىپ يۇلغۇن تەھرىرلىگۈچنى قاچىلاڭ.

4. ياكى 2. ۋە 3. قەدەمدىكى ئىككى پىروگىراما بىرلا قوشۇۋېتىلگەن بۇ پىروگىراممىنى (yulghun_fx.exe MB24) باسسىڭىز،يۇقارقى ئىككى پىروگىراممىنى تەڭلا قاچىلايدۇ. بۇنىڭدا يۇقاردىكى ئىككى پىروگىراممىنى قاچىلىماي، مۇشۇ بىرسىنىلا قاچىلىسىڭىز بولىدۇ.

خىيال تور بېكىتى ھەقسىز تارقاتقان

# دۇنيا كۆزنىكى ئۇيغۇرچە يېشىل نەشرى تارقىتىلدى

بۇ دۇنيا كۆزنىكى زىيارەت قىلغۇچ (世界之窗) يۇمشاق دېتالىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى بولۇپ، بېكىتىمىز باشقۇرغۇچىسى ئابدۇغېنى مۇھەممەد تەرجىمە قىلدى، تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بەزى خاتالىقلاردىن ساقلىنىش تەس. لېكىن بۇ پروگراممىنى تەرجىمە قىلىنىشتا ئىملا قائىدىسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن بولۇپ، ئىملا جەھەتتىكى خاتالىقلار ئەڭ زور دەرىجىدە ئازلىتىلدى.

بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ ئالاھىدىلىكى:

1ـ سىغىمى كىچىك، كومپيۇتېرغا چۈشۈرۈپلا ئىشلىتەلەيسىز، قايتا قاچىلاش ھاجەتسىز.

2ـ بۇ يۇمشاق دېتال ئارقىلىق بەزى تور بەتلەردىكى ئاپتوماتىك ئېچىلىپ كېتىدىغان ئېلانلارنى ياكى تور بەتلەردىكى يان تەرەپ ئېلانلىرىنى خالىغانچە سۈزۈۋېتىشكە بولىدۇ.

3ـ بۇ يۇمشاق دېتال ئارقىلىق بەزى يېزىق تاللاشقا بولمايدىغان تور بەتلەرنىڭ يېزىقلىرىنى خۇددى خاتىرە دەپتەردە يېزىق تاللىغاندەك ئەركىن، بىمالال تاللىيالايسىز، ھەم كۆچۈرۈۋالالايسىز.

4ـ بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ چۈشۈرۈش پروگراممىسى بىلەن تەمىنلەنگەن بولۇپ، ھازىر چۈشۈرۈۋاتقان پروگراممىڭىز تولۇق چۈشۈپ بولماستىن زىيارەت قىلغۇچنى تاقىۋەتسىڭىز كېيىنكى قېتىم قوزغىتىپ داۋاملىق چۈشۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

5ـ ئىزدەش كۆزنىكى ئەڭ ئاددى ھالەتتە ئىشلەنگەن بولۇپ، ئىزدىگەن مەزمۇنىڭىزنى رەڭلىك ھالەتتە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

6ـ تۈرلۈك قېلىپلارنى قوشۇپ ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى:

بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرسىڭىز ئۇيغۇرچە كۆرۈنمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا بۇ يېشىل يۇمشاق دېتال بولغانلىقى ئۈچۈن دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ھاجەتسىز. ئەگەر يېڭى نەشرىنى بايقىسىڭىز بېكىتىمىزگە مەلۇم قىلسىڭىز يېڭى نەشرىنى داۋاملىق ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ھەقسىز تارقىتىمىز.

بۇ يۇمشاق دېتال ئىككى خىل نەشردە تەييارلاندى.

بۇنىڭ بىرى Windows Vista ئىشلەتكۈچىلىرى ئۈچۈن لاھىيىلەنگەن بولۇپ، كومپيۇتېرغا چۈشۈرۈپلا ئىجرا قىلسىڭىز كۆرۈنمە يۈزى تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك ئۇيغۇرچە كۆرۈنىدۇ، باشقا تەڭشەش ئېلىپ بېرىش ھاجەتسىز.

Vista نۇسخىسىنى بۇ يەردىن چۈشۈرۈڭ


يەنە بىرى Windows XP ئۈچۈن لاھىيىلەنگەن بولۇپ، بۇنى تۆۋەندىكى ئۇلانمىدىن

چۇشۇرۇۋېلىڭ.

XPنۇسخىسىنى بۇ يەردىن چۈشۈرۈڭ

ئەگەر بۇ دىتال كومپيۇتېرىڭىزدا ئۇيغۇرچە كۆرۈنمىسە تۆۋەندىكى سىنبەلگە ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش پروگراممىسىنى كومپيۇتېرىڭىزغا چۈشۈرۈپ يەشكەندىن كېيىن Font.bat ۋە USP.bat ناملىق ئىككى توپ بىر تەرەپ قىلىش ھۆججىتىنى ئىجرا قىلىپ كومپيۇتېرىڭىزنى قايتا قوزغاتسىڭىز نورمال كۆرۈنىدۇ. ئەگەر خەت كىچىك كۆرۈنۈپ قالسا ئېكرانىڭىزنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈش ئورنىدىن تىزىملىك خەت نۇسخىسىنى Tahoma خەت نومۇرىنى 9 قىلىپ بىكىتسىڭىزلا بولىدى. ئەگەر ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان KMPlayer نى قاچىلىغان بولسىڭىز بىۋاستە «دۇنيا كۆزنىكى» نى ئىجرا قىلسىڭىزلا بولىدۇ.

سىنبەلگە ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش پروگراممىسىنى بۇ يەردىن چۈشۈرۈڭ.






## 1 ـ Excelجەدۋەل رامكىسىغا تاللاش كۇنۇپكىسى ھاسىل قىلىشتىن بىر ماھارەت

◆بىز كۆپ ھاللاردا Excel جەدۋەل بىر تەرەپ قىلغان ۋاقىتلاردا، بىر خىل كۆپ تەكرارلىنىدىغان مەزمۇنلارغا قارىتا تاللاش كونۇپكىسى بولۇشنى ئويلاپ قالىمىز.

بۇنى تۆۋەندىكىدەك مەشغۇلاتلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدۇ:

ئاۋۋال Excel خىزمەت جەدۋىلىدىن بىرنى ئېچىپ تاللاش كۇنۇپكىسى ھاسىل قىلماقچى بولغان رامكىنى تاللايمىز، ئاندىن تىزىملىك ستونىدىكى 数据 دېگەن تىزىملىكتىن 有效性 دېگەن تۈرنى تاللايمىز.

数据دېگەن دىئالوگ رامكىسى ئېچىلىدۇ بۇ رامكىدىن有效性条件 دېگەن تۈردىن 序列 دېگەن تۈرنى تاللايمىز بۇنى تاللىغاندىن كېيىن ئاستىغا 来源 دېگەن رامكا ئېچىلىدۇ بۇ يەرگە تاللاش تۈرى قىلماقچى بولغان خەتلەرنى كىرگۈزىمىز.

مەسلەن: ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز، قازاق، تاتار، تاجىك قاتارلىقلار

بۇنى كىرگۈزگەندە چوقۇم تاللاش تۈرى قىلماقچى بولغان خەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئىنگلىزچە شەكىلدىكى پەش(,) بولۇشى كېرەك بولمىسا ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

بۇ مەشغۇلاتلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن قارىسىڭىز بايا سىز تاللىغان رامكىغا بىر دانە قارا ئۈچبۇلۇڭلۇق بىر دانە كۇنۇپكا ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن تاللاپ مەشغۇلات قىلسىڭىز بەلكىم خىزمەت ئۈنۈمىڭىز يۇقىرى بولىدۇ.

◆تاللاش قىلماقچى بولغان سۆزلەرنى بىرقانچە كاتەكچىگە يېزىۋېلىپ ئاندىن يۇقاردا دېيىلگەن 来源رامكىسىغا كاتەكچە دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بەرسەكمۇ بولىدۇ.

## 2 ـ Excel دا فورمىلانى قوغداشتىن بىر مىسال

ئادەتتە بىر كاتەككە بىر فورمۇلا كىرگۈزۈپ ئۇ كاتەككە مەخپىي نۇمۇر كىرگۈزسەككمۇ لىكىن باشقىلار بۇبەتنى باشقا بىر بەتكە كۆچۈرۈپ ئىشلەتسە مەخپىي نۇمۇر ئىشلىمەي قالاتتى ،مەن ئۇزۇن ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاددى بىر ئۇسۇل بىلەن باشقىلار بىز كىرگۈزگەن فورمۇلانى ئۆزگەرتەلمەيدىغان قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتىم .يەنى ؛ ئاۋال بىركاتەككە ئۆزىمىزگە لازىملىق فورمۇلانى كىزگۈزىۋالىمىز .ئاندىن数据 ـ 自定义 ـ 公式 ـ 设置 ـ 有效性تاللاپ مۇشۇ كاتەككىمۇ ئاۋالقىغا ئوخشاش فورمۇلا كىرگۈزىمىز .(بۇ يەردىكى فورمۇلانىڭ بېشىغا مۇشۇ

كاتەكنىڭ نامىنى يېزىپ ئاندىن تەڭلىك بەلگىسىنى بېسىپ ئاندىن قالغان فورمۇلانى يېزىڭ)ئىش پۈتتى .ئەمدى ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇكاتەكتىكى فورمۇلانى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

## 3 ـ Q Qرىڭىزدىكى ئەزالىرىڭىزنى كىلونلىۋېلىڭ

خۇشال ھالدا دوستلىرىڭىز بىلەنqq دا پاراڭلىشىپ تۇراتتىڭىز ،تۇيۇقسىزqq رىڭىز باشقا جايدا ئىشلىتىلۋاتىدۇ سىز مەجبۇري چۈشۈرۈۋېتىلدىڭىز ، قاتتىق بىشىڭىز قاتتى بۇنىڭدىكى غەم ئەلۋەتتە سىزqq غا بەك ئامراقلىقىڭىزدىن ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى دوسلىرىڭىزدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىڭىزدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز سىزq q رىڭىزنى قايتۇرۇپ كەلگەن بىلەن بەلكىم بۇرۇنقى دوستلىرىڭىزنى قايتا ئۇچرىتالماسلىقىڭىز مۇمكىن ، ئەگەر شۇنداق ئەھۋالغا يولۇققىڭىز بولمىسا قىنى بۇ ئۇسۇلنى بىللە سىناپ ئىشلىتەيلى (مەن سىناپ باققان) قىنى ئەمىسە مەن باشلىدىم!!

(1)ئاۋال بىر نەچچەqq نۇمرى تەييارلايمىز!!! (ھازىرqq دىگەن ئەرزانچىلىق )

(2) لازىم قىلماقچى بولغان نۇمۇرلارنى بىر قىتىمدىن ئاچىمىز ، بۇ ۋاقىتتا بۇ نۇمۇرلارنىڭ بارلىق ماترىيالى كومپيۇتىردا ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ

(3) كومپيۇتىردىن كىلونلىماقچى بولغان نۇمۇرىڭىزنىڭ ھۆججەتلىرىنى تېپىپ user.dbناملىق ھۆججەتنى كۆپەيتىۋالىمىز.ئاندىن بۇنى يەنە بىر نۇمۇرنىڭ ئوخشاش ئىسىملىك يەنى user.db ناملىق ھۆججەتنىڭ ئۈستىگە چاپلايسىز .ئاندىن بۇ نۇمۇرنى يەنە بىر ئاچقاندا بۇرۇنقى نۇمۇرىڭىزنىڭ ئاللىبۇرۇن كىلونلىنىپ بولغىنىنى بايقايسىز لىكىن بۇ پەقەت ۋاقىتلىق خالاس ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟؟؟

(4) كىلون مەھسۇلاتى بولغان نۇمۇرىڭىزنىڭ ھەممە قاچىلانغان ئەزالىرىنى ناتونوش ئەزالار قاتارىغا چىقىرىۋېتىمىز (بۇ باسقۇچ چوقۇم 好友管理器 ئارقىلىق ئورۇندىلىشى كىرەك ) نىمە ئۈچۈن دىسىڭىز بىز ھازىر ئىلگىرلەش ئۈچۈن چىكىنىۋاتىمىز كېيىنكى قەدەم ھوجوم باسقۇچى!!!

(5) ئوخشاشلا 好友管理器 ئارقىلىق چىقىرۋەتكەن ئەزالارنى دوست قاتارىغا قايتۇرۇپ ئەكەلسەكلا ئىش تامام ۋەسسالام !!!

(6)خزمىتىڭىز يېتەرلىك بولدى ئەمدى مۇۋاپىقىيەتلىك بولسىلا سىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ مۇۋاپىقىيتىڭىزنىڭ باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىسىڭىز ماختانسىڭىز ئەلۋەتتە بولىدۇ چۈنكى سىز ھازىر بىر ئۇلۇغ كىلونلاش ئالمى بوپ قالدىڭىز كۆپچىلىككە مۇۋەپىقىيەت تىلەيمەن]!!!

## 4 ـ كومپيوتىردىكى ئەخلەتلەرنى تازىلاشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى

كومپيوتىردا تېز ھەم توسالغۇسىز مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ھەممەيلەننىڭ ئاززۇسى!!!

Windowsنى قاچىلاش ۋە ئىشلىتىش جەريانىدا كومپيوتىردا ناھايىتى ئاسانلا نۇرغۇنلىغان ئەخلەت ھۆججەتلەر بوشلۇقنى ئىگەللىۋالىدۇ،يەنى ۋاقىتلىق ھۆججەت

مەسىلەن*._mp، *.tmp:*:،كۆندىلىك ھۆججەت*.log :، ۋاقىتلىق ياردەمچى ھۆججەت : *.gid،ماگىنىتلىق دىسكىنى تەكشۈرگۈچى ھۆججەت*.chk :،ۋاقىتلىق تەييار ھۆججەت*.bak ،*.old:قاتارلىق بىر قاتار باشقا ۋاقىتلىق ھۆججەتلەر.

مەسىلەن بىرمەزگىلIE تورنى زىيارەت قىلىش يومشاق دېتالىدىكى Temporary Internet Filesھۆججەت قىستۇرغۇچنى تازىلاپ تۇرمىساق،كومپيۇتېرنىڭ سۈرئىتىنى قۇلۇلىدەك ئاستا قىلىپ سىزنى بىئارام قىلىۋېتىدۇ!!!

ئەمسە مەن تۆۋەندە كومپيۇتېردىكى ئەخلەت تازىلاش ئۇسۇلىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي!!!

كومپيۇتېردىكى كۆپىنچە ئاتالغۇ خەنزۇچە بولغاچقا خەنزۇچە ئاتالغۇ بويىچە ئالدىم ،بۇ توغۇرلۇق كۆپچىلىكتىن ئەپۇ سورايمەن!!!

كومپيۇتېركۆزنىكى سول تەرەپ ئەڭ ئاستىدىكى开始→程序→附件→记事本غا كىرىپ،تۆۋەندىكى سان-سىفىر ۋە يېزىقلارنى ئۆز ئەينى كۆچۈرۈڭ!!!

```
    @echo off
echo 正在清除系统垃圾文件，请稍等......
del /f /s /q %systemdrive%\*.tmp
del /f /s /q %systemdrive%\*._mp
del /f /s /q %systemdrive%\*.log
del /f /s /q %systemdrive%\*.gid
del /f /s /q %systemdrive%\*.chk
del /f /s /q %systemdrive%\*.old
del /f /s /q %systemdrive%\recycled\*.*
del /f /s /q %windir%\*.bak
del /f /s /q %windir%\prefetch\*.*
rd /s /q %windir%\temp & md %windir%\temp
del /f /q %userprofile%\cookies\*.*
del /f /q %userprofile%\recent\*.*
del /f /s /q "%userprofile%\Local Settings\Temporary Internet Files\*.*"
del /f /s /q "%userprofile%\Local Settings\Temp\*.*"
del /f /s /q "%userprofile%\recent\*.*"
echo 清除系统LJ完成！
echo. & pause
```

كۆچۈرۈپ بولۇپ”另存为“ نى بېسىپ ،ھۆججەتنى桌面 ساقلاشنى تاللاپ، ساقلاش تۈرى所有文件قىلىپ تاللاپ،ھۆججەت ئىسمىنىLJ. bat清除系统قىلىپ يېزىپ ھۆججەتنى كومپيوتېر ئۈستەل يۈزىگە ساقلاڭ،ئاندىن ئۈستەل يۈزىگە كېلىپ ساقلىغان ھۆججەتنى قوش چەكسىڭىزلا ئىش تامام ۋەسسالام بولىدۇ،قىنى كۆپچىلىك سىناپ كۆرۈڭ،سىزگە ئەسقىتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس!!!

## 5 ـ MP3 نىڭ سىغىمىنى كىچىكلىتىپ پىرىسلاش

بۇ دىتال ئارقىلىقMP3 ناخشىلارنىڭ ھەجىمىنى تەخمىنەن يېرىم ھەسسە كىچىكلەتكىلى بولىدۇ ، يەنى 4مېگابايىتلىق ناخشا بولسا ئۇنى 2مېگابايىت ئەتراپىدا كىچىكلىتىدۇ ، بۇ دىتال سىزنىڭ بارماق دىسكا ،كومپيوتۇرنىڭ دىسكىسىنىڭ بوشلۇقىنى ئاسراشقا ياردەم قىلالايدۇ ،ئاۋاز ،سۈرەت تىزلىكى ئۆزگەرمەيدۇ.

چۈشۈرۈش باش بېتى

كىرىش

mp3 压缩器. exe

نى چېكىڭ .ئاندىن ھەر قايسى نوقتىلاردىن تاللاپ چۈشۈرۈڭ.

## 6 ـ WinxXP نىڭ قاچىلاش دىسكىسىدىن پايدىلىنىپ سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

ھەممىمىزگە مەلۇمكى windows XP نىڭ سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارى بار. لېكىن بۇ ئىقتىدارنى ئىشلىتىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتتىق دىسكىنىڭ بوشلۇقىنى ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن كۆپىنچە ئىشلەتكۈچىلەر تىزگىن تاختا-> سىستېما خاسلىقى-> سىستېمىنى ئەسلىكە قايتۇرۇش ئىقتىدارى ئىچىدىن ئەسلىگە قايتۇرۇشقا قاتناشقان دىسكىلارنىڭ ھەممىسىنى تاقىۋېتىدۇ. بۇنداق بولغاندا قاتتىق دىسكىغا سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ھۆججەتلەرنى ساقلىۋېلىپ دىسكا بوشلۇقىنى ئىسراپ قىلىۋېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

كۆنلەرنىڭ ھەممىسىدە ھاۋا ئوچۇق بولۇۋەرمەيدۇ، دېمەكچى بولغىنىمىز: ئەگەر ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تاقىۋەتكەندە مەلۇم بىر كۈنى ۋىرۇسنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ سىستېما ھۆججەتلىرى قالايمىقان بولۇپ، سىزگە كېرەكلىك بەزى پروگراممىلار قوزغالمىسا ياكى winXP نورمال ئىشلىمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟

ئەنسىرىمەڭ. كۇنۇپكا تاختىسىدىن Win+R كۇنۇپكىسىنى ياكى باشلاش تىزىملىكى ئاستىدىكى ئىجرا قىلىش تۈرىنى تاللاپ ئىجرا قىلىش كۆزنىكىنى ئاچىمىز. بۇيرۇق يېزىش قۇرىغا Sfc /SCANNOW نى كىرگۈزۈپ ئىجرا قىلسىڭىز سىستېما تەكشۈرگۈچ ئاپتوماتىك قوزغىلىپ،

بۇزۇلغان ھۆججەتلەرنى تەكشۈرىدۇ. ئەگەر بۇزۇلغان ھۆججەت بايقىسا WinXP نىڭ قاچىلاش دېسكىسىنى سېلىش توغرىسىدا ئۇچۇر كۆرسىتىدۇ. سىز قاچىلاش دېسكىسىنى سالغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇرسىڭىز سىستېمىڭىز ئەسلىگە كېلىدۇ.

ئەگەر بۇ مەشغۇلات سىزگە يارىسا رەخمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

بۇ تېمىنى كۆچۈرۈپ ئىشلەتمەكچى بولسىڭىز خىيال توردىن ئېلىندى دەپ ئەسكەرتىپ قويىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

## 7ـ تورخانا كومپيۇتېرلىرىدا ئىجرا قىلىش كۆزنىكىنى ئېچىش

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم تورخانىدىكى كومپيۇتېرلارنىڭ ھەممىسىدە ئىجرا قىلىش كۆزنىكى ئېچىلمايدۇ. ئەگەر كۆپچىلىككە ئىجرا قىلىش كۆزنىكى كېرەكلىك بولۇپ قالغاندا ئامالسىز مەقسىتىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

كۇنۇپكا تاختىسىدىن Ctrl+Alt+Del بىرىكمە كۇنۇپكىسىنى باسىمىز. بۇ چاغدا ئېكراندا ۋەزىپە باشقۇرغۇچ كۆزنىكى ئېچىلىدۇ. تىزىملىك ستونىدىكى ھۆججەت تىزىملىكىدىن يېڭى ۋەزىپە تۈرىنى تاللايمىز. چىققان يېڭى ۋەزىپە كۆزنىكى دەل بىز ئېرىشمەكچى بولغان ئىجرا قىلىش كۆزنىكى شۇ.

## 8ـ كومپيۇتېرنى بىر سېكونتتا ئۆچۈرۈش

بەزىدە كومپيۇتېرغا ئۆچۈرۈش بۇيرۇقى بەرسىڭىز خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆچىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سىز بىۋاستە توكتىن ئۈزۈۋېتىشتىنمۇ قورقىسىز. ئۇنداق بولسا تېز ئۆچۈرۈشنىڭ ئامالى بارمۇ؟


ئەلۋەتتە بار. خىيال تورىغا كىرسىڭىز سىزگە كېرەكلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. قېنى ئەمسە تۆۋەندىكى مەشغۇلاتقا قاراڭ!

ئاۋۋال ۋەزىپە باشقۇرغۇچنى ئاچىمىز (ئېچىش ئۇسۇلى Ctrl+Alt+Del بىرىكمە كۇنۇپكىسىنى باسىمىز). كۇنۇپكا تاختىسىدىن Ctrl كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ تىزىملىك ستونىدىكى ماشىنىنى ئۆچۈرۈش تىزىملىكى ئاستىدىن ئۆچۈرۈش تۈرىنى تاللايمىز. قانداق؟ ئۈنۈمگە ئېرىشتىڭىزمۇ؟



# GHOST نى چۈشۈنەمسىز؟

GHOSTيۇمتالىنى ئادەتتە ھەممىڭلار بىلىشىڭلار مومكىن، ھازىر رايونىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىنى جۇجۇماۋ نىڭ تەييار پىرىسلانغانwindows xp sp2 نۇسخىسى قاپلىغان بولۇپ،بۇ دەل مۇشۇ GHOSTنىڭ ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان، ئۇنىڭ مەشغۇلات بۇيرۇقلىرى پىروگىراممىلاشتۇرۇلغان بولۇپ ئوپتىك دىسكىنى قوزغاتقۇچقا سالسىڭىزلا بارلىق مەشغۇلاتنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تاماملاپ بىرىدۇ، لىكىن بىر قىسىم كومپيۇتېر ھەۋەسكارلىرىمىز بۇنى بىلگەن بىلەن ئۆز ئالدىغا بۇيرۇق بىرىپ رايوننى پىرىسلاش ۋە پىرىسنى قويۇپ بىرىشتىن تېخى خەۋەرسىز، شۇڭاwindows نىڭ ئەڭ يىقىشلىق ھالىتىنى ساقلاپ قالالماي قايتىدىن سىستىما قاچىلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.




ئۇنداقتاGHOST  دىگەن نىمە؟

ghostيۇمشاق دىتالى پۈتۈن بىر قاتتىق دىسكا رايوننى ياكى مەلۇم بىر تارماق دىسكا رايوننى رايون ھۆججەت شەكلى ۋە فورماتى بويىچە ئەينەن كۆچۈرۈپ ئىككىنچى بىر دىسكا ياكى تارماق رايونغا پىرىس ھۆججىتى ياسايدىغان پروگراما يۇمتالى.ئۇنىڭ پىرىسلاش ۋە پىرىس يىشىش سۈرئىتى ئىنتايىن تىز بولۇپ كومپيۇتېرىڭىزنىڭ ئىقتىدارىغا قاراپ مىنۇتىغا نەچچە يۈز مىگابايتتىن نەچچە1000مىگابايتقىچە بولىدۇ، شۇڭا ئۇ بىر نەچچە مىنۇتتىلا كومپيۇتېرىڭىزنى سىز ياقتۇرىدىغان ھالەتكە قايتۇرۇپ بولىدۇ ۋە سىستېمىڭىزنىڭ ئەڭ يىقىشلىق ھالىتىنى پىرىس شەكلىدە ساقلىۋالىدۇ.

ھۆرمەتلىك مۇنبەر ئەھلى: بۇ جەريانلارنى يازما ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش قولايسىز ۋە بەئەپ بولغاچقا رەسىم ھالىتىدە چۈشەندۈرمەكچى ئىدىم ، لىكىن رەسىملەرنى قانداق يوللاشنى بىلمىدىم، شۇڭا ئۆزۈمنىڭ تور دىسكىسىغا يوللاپ قويدۇم، GHOSTنى ئۆگەنمەكچى بولغان ھەۋەسكارلار بىرەر مىنۇتلۇق ئاۋارىچىلىقنى ئىغىر كۆرمەي توردىن چۈشۈرۈپ پايدىلىنارسىلەر، بۇنىڭداghost نىMS_DOS  مۇھىتىدا بۇيرۇق بىرىپ قوزغىتىش ، رايوننى پىرىسلاش ۋە پىرىس يىشىش جەريانى ،شۇنداقلاGHOST نىڭ ئەڭ يېڭى نەشرى ۋە windowsمۇھىتىدا ئىشلەيدىغان نۇسخىسى بىرىلدى، چۈشۈرۈش جەريانىدا تىزىملىتىشنى سورىسا 10سكونت سەرپ قىلىپ رويخەتكە ئالدۇرۇپ تىزىملىتىپ ئاندىن بەتنى يېڭىلاڭ، ئاندى چۈشۈرۈڭ ، بۇنىڭدا سىز تېخى G1لىق ھەقسىز تور بوشلۇقىغا ئىگە بولىسىز.

ئۇنداق بولسا قىنى مۇنبەر ئەھلى چۈشۈرۈشنى باشلايلى :

بۇ ئادرىسقا كىرىپ ghost uginix kollanmisi.rar نى چىكىپ ئاندىن جۇڭگو تىلگرافى دىن چۈشۈرۈڭ.

# تېلېفونوم ئۇيغۇرچە قوللىدى




مەن بۇلتۇر نوكىيا 6708 تىپلىق يانفون سېتىۋالغان ئىدىم، ئىقتىدارىغا گەپ كەتمەيدۇ، ئازراق كەمچىللىكىنى دېمىگەندە ھازىرقى تېلېفونلارنىڭ ئالدى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى چاغدا مەن سېتىۋالغاندا 4280 سومغا سېتىۋالغان، ھازىر باھاسى چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تېلېفونغا مەن سىرتتىن خېلى كۆپ يۇمشاق دېتاللارنى قاچىلىدىم. بۇرۇن بىر تىما كۆرگەن ئىدىم، ئۇيغۇرچە يۇنىكودلۇق خەت نۇسخىسىنى بىۋاستە تېلېفوننىڭ c:\system\fonts مۇندەرىجىسىگە كۆچۈرۈپ قويسىلا ئۇيغۇرچە كۆرۈنىدۇ، دېيىلگەن ئىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمايدۇ.

يېقىندا مەن توردىن ئىزدەش ئارقىلىق بەزى يۇمشاق دېتاللارنى تاپتىم. مېنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىقنى تونۇتقىنىم مۇنداق بولدى.

1- ئاۋۋال سىز تېلېفونىڭىزغا مەنبە باشقۇرغۇچ قاچىلاڭ(File man, Handy explorer) بۇ يۇمشاق دېتال ئارقىلىق سىز يانفونىڭىزنىڭ سىستېما مۇندەرىجىسىنى كۆرەلەيسىز.

2- توردىن freetype.dll ناملىق ھۆججەتنى ئىزدەپ تېپىڭ، ئەگەر تاپالمىسىڭىز خىيال تور بېكىتىمىز سىزگە تەمىنلەپ بېرىدۇ. لازىم بولسا خىيال تور بېكىتى مۇنازىرە مۇنبىرىنىڭ يانفون سەھىپىسىگە كىرىڭ.

3- توردىن چۈشۈرگەن freetype.dll ھۆججەت بىلەن UKIJ Tuz Tom ناملىق خەت نۇسخىسى

ھۆججەتنى يانفونىڭىزنىڭ c:\system\fonts دېگەن مۇندەرىجىسىگە كۆچۈرۈڭ. يالغۇز خەت نۇسخىسى ھۆججىتىنىلا كۆچۈرۈپ قويسىڭىز بولمايدۇ.

4- كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن سىز تېلېفونىڭىزنى ئۆچۈرۈپ قايتا قوزغاتسىڭىز بولىدۇ.

5- ئەگەر سىز نوكىيا 6708 سېتىۋالغان بولسىڭىز ياكى يانفونىڭىز Office ھۆججەتلىرىنى تولۇق قوللاپ ئاچالايدىغان بولسا، سىز يانفونىڭىزغا Word دا ئۇيغۇرچە ماتېرىيال تۈرۈپ تەييارلىۋېلىپ، خەت نۇسخىسىنى UKIJ Tuz Tom غا توغرىلايسىز، ئاندىن يانفونىڭىزدا ئاچسىڭىز ئۇيغۇرچە كۆرۈنىدۇ.

كەمچىللىكى:

بۇ ئۇيغۇرچە doc ھۆججىتىنى تېلېفونىڭىزدا ئاچسىڭىز ئۇيغۇرچە ھەرپلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلانماسلىقى مۇمكىن. مەن ئەرەپچە خەت نۇسخىسىنىمۇ قاچىلاپ كۆردۈم، ئەرەپچە تېكىستلەر شۇنداق نورمال، ھازىر مەن قۇرئان-كەرىمنىڭ 36 سۈرىسى (يسن) بىلەن 55-سۈرىسى (رەھمان) نى تېلېفونۇمغا Word ھۆججەت شەكلىدە ساقلاپ ئىشلىتىۋاتىمەن. تېكىست خەت نومۇرىنى 22~20 گىچە تەڭشەپ قويسىڭىز ئوچۇق كۆرەلەيسىز.


ئەمدىلىكتىكى مەسىلە: يانفوندىكى بۇ ھەرپلەرنىڭ ئۇلانماسلىقتىكى سەۋەبنى تېپىش، مېنىڭچە دەل freetype.dll دېگەن ھۆججەتتە بولۇشى مۇمكىن. بۇنى يېشىپ ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالايدىغانلار بولسا ئۆزگەرتىپ قويسا ئۇيغۇرچە يېزىق يانفونغا ناتونۇش بولماس ئىدى. توردىن يېڭى نۇسخىسىنى ئىزدەپ تاپالمىدىم، تورداشلار ئىزدىنىپ كۆرگەن بولساڭلار.




خىيال تور بېكىتى مۇنازىرە مۇنبىرىدىن ئېلىندى.

# «ئۇيغۇرسوفت كورررېكتورى 5.1» بۇگۈن بازارغا سېلىندى

«ئۇيغۇرسوفت كورررېكتورى» يۇمشاق دېتالىنىڭ تۇنجى نۇسخىسى 2000-يىلى 6-ئايدا بازارغا سېلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش يۇمشاق دېتالى - «ئەلكاتىپ»تىن كېيىن ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتال ساھەسىدە يەنە يېڭىلىق ياراتقان يۇمشاق دېتال ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى چۆشىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى تاشلىدى. ئۇ ئۇيغۇرچە يېزىق پەرقلەندۈرۈش(OCR)، ئۇيغۇرچە ئاۋاز پەرقلەندۈرۈش قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.




«ئۇيغۇرسوفت كورررېكتورى»نىڭ يېڭى نۇسخىسى 2006-يىلى 7-ئايدىن باشلاپ، كەسپتە پىشقان بىر قىسىم كورررېكتور، تەھرىر، تەرجىمان ۋە كومپيۇتېر ھەۋەسكارلىرىنىڭ سىناپ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇلغان بولۇپ، ئۇرغۇن تەكلىپلەر قوبۇل قىلىندى ۋە بىر قىسىم يېڭى ئىقتىدارلار قوشۇلدى. سۆزلۈك ئامبىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىملاسى كەسپتە پىشقان، پىششىقەدەم مەسئۇلىيەتچان كورررېكتورلارنىڭ تەكرار تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان، 40 يىللىق كورررېكتورلۇق تەجرىبىسىگە ئىگە كەسپىي كورررېكتور ئىلياس رەھمى ئاكىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

ئۇ پۈتۈنلەي ئادەم ئارقىلىق كورررېكتورلۇق قىلىدىغان ئەنئەنىۋى جەريانلارنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، نۇرغۇن ۋاقىت ۋە چىقىملارنى تېجەيدۇ، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ ياردىمىدە ناھايىتى ئوڭايلا ئىملا تەكشۈرۈش، تۈزىتىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارالايدۇ .

«ئۇيغۇرسوفت چوڭ لۇغىتى 2005» تىل تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغا قانچىلىك قۇلايلىق ئېلىپ كەلگەن بولسا، بۇ يۇمشاق دېتالمۇ ئۇيغۇر تىل يېزىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۈچۈن شۇنچىلىك قۇلايلىقلارنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ.
«ئۇيغۇرسوفت كوررېكتورى 5.1» يۇمشاق دېتالى ئۆلچەملىك نۇسخا ۋە كەسپىي نۇسخىغا ئايرىلغان بولۇپ، سۆزلۈك مىقدارى، ئىقتىدارى ۋە باھاسى پەرقلىنىدۇ. ئىشلىتىش ئېھتىياجى بويىچە تاللاپ سېتىۋېلىشقا بولىدۇ .

## ئۆلچەملىك نۇسخىسى

(1)باھاسى: 100 يۈەن (مۇلازىمەت كارتى ئىشلىتىلىدۇ)
ئۆزگەرگە تەۋە بولغان بىرلا كومپيۇتېرغا تەكرار قاچىلاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ .
(2)باھاسى: 480 يۈەن (USB ئېغىزلىق يۇمشاق دېتال قارانچۇقى ئىشلىتىلىدۇ)
يۇقىرىدىكى بۇ ئىككى نۇسخىسىنىڭ سۆزلۈك مىقدارى ۋە باشقا ئىقتىدارلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش. پەقەت Microsoft Word 2003 / 2007 مۇھىتىدا، يۇنىكود ۋە ئەلكاتىپ ئۆلچىمىدىكى ماقالىلەرگە نىسبەتەن كوررېكتورلۇق قىلالايدۇ.
ئەمما، USB ئېغىزلىق يۇمشاق دېتال قارانچۇقى ئەپلىك بولۇپ، خالىغان كومپيۇتېرلارغا خالىغانچە قاچىلاشقا بولىدۇ، ئىشلىتىدىغان چاغدا، قارانچۇقنى USB ئېغىزغا سېلىپ قويسىڭىزلا بولىدۇ. دائىم كومپيۇتېر ئالماشتۇرىدىغانلار ئۈچۈن بەك قۇلايلىق .
شۇڭا، بۇ نۇسخىسى ئائىلىلەردە كومپيۇتېر ئىشلىتىۋاتقانلار ياكى ئىدارە-ئورگانلاردا ئادەتتىكى ھۆججەت ماقالىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغانلار ئۈچۈن ماس كېلىدۇ.

### كەسپىي نۇسخىسى

باھاسى: 980 يۈەن (USB ئېغىزلىق يۇمشاق دېتال قارانچۇقى ئىشلىتىلىدۇ)
بۇ نۇسخىسىنىڭ سۆزلۈك ئامبىرىدا كەسپىي سۆزلەرنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، نەشرىيات ئورۇنلىرى ئۈچۈن بەكمۇ ماس كېلىدۇ.
Microsoft Word 2003 / 2007مۇھىتىدىن باشقا يەنە Microsoft Excel / PowerPoint 2003 2007/ مۇھىتىدىمۇ خىزمەت قىلىدۇ.

### كارخانا نۇسخىسى

باھاسى: 1800 يۈەن (USB ئېغىزلىق يۇمشاق دېتال قارانچۇقى ئىشلىتىلىدۇ)
سۆزلۈك مىقدارى ۋە ئىقتىدارى كەسپىي نۇسخىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئاساسلىقى كومپيۇتېرلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ، تورلاشقان ئىدارە-نەشرىياتلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ماس

كېلىدۇ يەنى بىر دانە ئانا كومپيۇتېر(مۇلازىمېتىر)غا قارانچۇقنى سېلىپ قويۇش ئارقىلىق، مۇشۇ تورغا ئۇلانغان 30 دانە بالا كومپيۇتېرلاردا بىرلا ۋاقىتتا كوررېكتورلۇق قىلىشقا بولىدۇ( كارخانا ۋە كەسىپي نۇسخىسىدىن باشقا، ـ2007 يىلى 4ـ ئاينىڭ 30ـ كۈنىگىچە ئۆلچەملىك نۇسخىسىنى سىنىۋالغۇچىلار ئۈچۈن، بىرنى سىنىۋالسا بىرسى سوۋغات قىلىدۇ (جەمئىي ئىككى دانە دىسكا، ئىككى دانە مۇلازىمەت كارتى ياكى يۇمشاق دېتال قارانچۇقى بېرىلىدۇ)

دەرىجىسىنى يېڭىلاش ھەققىدە

ئىلگىرى «ئۇيغۇرسوفت كوررېكتورى» سىنىۋالغۇچىلار ئۈچۈن

ئىلگىرى «ئۇيغۇرسوفت كوررېكتورى»نىڭ 480 يۈەنلىك نۇسخىسىنى سىنىۋالغۇچىلار ئۈچۈن، يېڭى نۇسخىسى ھەقسىز تەمىنلىنىدۇ. ئىشلىتىش مۇددىتى 3 يىلدىن ئېشىپ كەتكەن خېرىدارلار ئۈچۈن، پەقەت 20% دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ھەققى ئېلىنىدۇ ياكى مۇلازىمەت كارتى ئىشلىتىدىغان سۆزلۈك ئامبىرى ۋە ئىقتىدارى ئوخشاش بولغان «ئۇيغۇرسوفت كوررېكتورى 5.1» ھەقسىز بېرىلىدۇ.

ئىلگىرى «ئۇيغۇرسوفت ئەلكاتىپ 5.0»نى سىنىۋالغۇچىلار ئۈچۈن

ـ2007يىلى 3ـ ئاينىڭ 30ـ كۈنىدىن باشلاپ، 2007ـ يىلى 6ـ ئاينىڭ 30ـ كۈنىگىچە «ئۇيغۇرسوفت كوررېكتورى 5.1» يېڭىلاپ بېرىلىدۇ. ئىلگىرىكى ئەلكاتىپنىڭ دىسكىسىنى قايتۇرۇش ھاجەتسىز بولۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن 50 يۈەن تاپشۇرسا بولىدۇ.

چەتئەلدىكى خېرىدارلىرىمىز ئۈچۈن

ئىنگلىزچە، ئەرەبچە، تۈرۈكچە مەشغۇلات سىستېمىسىدا» ئۇيغۇرسوفت كوررېكتورى»نى ئىشلىتىۋاتقانلار ئۈچۈن، قاچىلاش كۆرۈنىشى ئىنگلىزچە، ئەرەبچە، تۈرۈكچە قىلىپ لايىھەلەندى. دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، E-Mailئەۋەتكەندە ئالاھىدە ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

ئۇيغۇرسوفت ئەلكاتىپ، كوررېكتورى، چوڭ لۇغەت قاتارلىق يۇمشاق دېتاللار ئۇيغۇر تىل-يېزىقىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىدا ھەممەيلەننىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى بار.

# تور بەتنى weft دىن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى

1. ئاۋۋال سىزدە weft بولۇشى كېرەك ، بولمىسا بۇ يەردىن چۈشۈرۈپ قاچىلاڭ:
چۈشۈرۈڭ http://www.xamxar.com/uyghur/list.asp?id=164

2.ئادەتتە weft تىن ئۆتكۈزۈش ئىككى خىل بولۇپ ، بىرسى خەت نۇسخىسىنى بىر بىرلەپ تاللاش ، يەنە بىرسى بىراقلا ھەممىنى تاللاش ..بىرىنجى خىل ئۇسۇل سەل ئاۋارىچىلىق شۇڭا ھازىر ئىككىنچى خىل ئۇسۇلنى تونۇشتۇرىمەن ، كېيىنكى قىسمىدا باشتىكى ئۇسۇلمۇ كۆرسىتىلىدۇ..


3.سىز ئاۋۋال frontpage ياكى باشقا تور بەت ياساش دېتالىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆزىڭىز ئۈيغۇرچە تونۇتماقچى بولغان خەت نۇسخىسىدا بىر ئادىدى بەت ياساش ساقلاڭ) بىرەر قۇر خەت يېزىپ قويىسىڭىزلا بولىدۇ) ، ياكى ئاپئاق بەتتىن بىرنى ساقلىسىڭىزمۇ بولىدۇ ..مەسىلەن :





4.سىز weft نى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن قوزغىتىڭ ، ئاندىن تەرتىپ بويىنچە تۆۋەندىكىلەرنى ئېچىڭ...

tools>options>settings>weft

ئاچسىڭىز رەسىمدىكىدەك ھالەت چىقىدۇ، ئاندىن رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك قىلىڭ..





5.كېيىنكى قەدەم دېگەننى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەندە خەت ساندۇقى ۋە ئىسمىنى يېزىڭ (خالىغانچە يازسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ)..




6.ئاندىن كېيىنكى قەدەم دىگەننى باسسىڭىز بۇ باسقۇچقا كىلىسىز ..بۇ يەردىن سىز ئۇيغۇرچە تونۇتماقچى بولغان بەتلەرنى تاللايسىز ...مەسلەن :





7.ئاندىن كېيىنكى قەدەم دىگەننى باسسىڭىز ماۋۇ باسقۇچقا كىلىسىز ..بۇ يەرگە ياخشى قاراڭ ، ئەگەر سىزگە لازىملىق خەت نۇسخىسى تاللانغان بولسا كېينكى قەدەمنى بېسىپ داۋاملاشتۇرسىڭىز بولىدۇ ، تاللانمىغان بولسا سىز add دىگەننى بېسىپ ئۆزىڭىزگە لازىملىق خەت نۇسخىسىنى تاللاپ ok نى باسسىڭىز بولىدۇ ..رەسىمدىكىدەك..



سىزگە لازىملىق خەت نۇسخىسى تاللانمىغان بولسا:




8.ئاندىن باشقا يەرگە چېقىلماي كىينكى باسقۇچ دىگەننى بىسىۋىرىڭ ..بۇ يەرگە كەلگەندە چوقۇم دىققەت بىلەن يىزىڭ...



رەسىمدە كۆرستىلگەندەك قىلىپ تولدۇرىسىز، سىزگە تونۇتماقچى بولغان بەتلەرنى edit دىگەننى بېسىپ قوشىسىز مەسلەن :رەسىمدىكىدەك..




9.ئاندىن باشقا يەر بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن ، كېيىنكى قەدەم دىگەننى بېسىۋېرىڭ ...شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام ...ئەمدى بايىقى ھۆججەت ساقلىغان يەرگە قارىسىڭىز بىر دانە eot نىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقى كۆرىسىز

10. ئەمدى سىز بۇ ئارقىلىق ھاسىل قىلغان EOT ھۆججىتى ۋە ئىشلەتكەن خەت نۇسخىڭىزنى باش بېتىڭىزنىڭ باش مۇندەرىجىسىگە قويۇپ، ئىشلەتمەكچى بولغان تور بەتە ئەسلى كودىنىڭ ئىچىدىكى CSS ھۆججىتىنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى كودنى ئەڭ بېشىغا قىستۇرسىڭىزلا بولىدۇ.

```
<STYLE TYPE="text/css">
<!-- /* $WEFT -- Created by: abdugeni (Unknown) on 05-1-7 -- */
  @font-face {
    font-family: UKIJ Tuz Tom;
    font-style:   normal;
    font-weight: normal;
    src: url(/UKIJTUZ0.eot);
  }
-->
بۇ ئارىلىققا مۇناسىۋەتلىك كود قىستۇرىلىدۇ.
</style>
```

# كومپيۇتېرنىڭ قېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى 25تۈرلۈك كۆرسەتمە

.1بىر قاتتىق دىسكىغا قاچىلانغان مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كېتىشى، سىستېمىنىڭ قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

CPU2. ، كۆرسىتىش كارتىسى قاتارلىقلارنىڭ چاستوتىسىنى بەك يۇقىرى قىلىۋەتمەسلىك، تېمپېراتۇرىسىغا دىققەت قىلىش كېرەك، بولمىسا، كومپيۇتېر قوزغالغاندا ياكى بىرەر پروگراممىنى قوزغاتقاندا، ئۆزلۈكىدىن قايتا قوزغىلىپ كېتىش ياكى قېتىپ قېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلىدۇ.

.3كومپيۇتېر زاپچاسلىرىنى ئالماشتۇرغاندا چوقۇم چىڭ سېلىش كېرەك، بولمىسا، زاپچاسلار ياخشى تەگمەسلىكتىن، سىستېمىنىڭ قوزغىلالماي قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

.4بىئوسنىڭ پارامېتىرلىرى مۇۋاپىق بولۇش كېرەك. گەرچە بىئوس پارامېتىرلىرىنى ئەڭ ياخشى ھالەتتە تەڭشەش تەشەببۇس قىلىنسىمۇ، بەزىدە ئەڭ ياخشى تەڭشەشنىڭمۇ ياخشى ئەمەس تەرەپلىرى بولىدۇ. بەزىدە ئەڭ ياخشى تەڭشەشمۇ سىستېمىنىڭ قوزغىلالماسلىقىنى ياكى قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

.5ئەڭ ياخشىسى بىسىم تۇراقلاشتۇرغۇچ ئىشلىتىش كېرەك. توك بىسىمىنىڭ نورمالسىزلىقىمۇ كومپيۇتېرنىڭ قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

.6شارائىت بولسا، UPSئىشلىتىش، بۇنىڭدا توك كەتسىمۇ كومپيۇتېر مەلۇم ۋاقىت نورمال خىزمەت قىلىپ، سىز ئۈچۈن كومپيۇتېرنىڭ نورمال ئۈچۈرۈشكە شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

.7كېلىش مەنبەسى ۋە ئىشلىتىلگەن ئورۇنلىرى ئېنىق بولمىغان يۇمشاق ۋە ئۈپتىك دىسكىنى، ئاسانلىقچە ئىشلەتمەسلىك. ئېلخەتلەرگە ۋە ئېلخەت بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىلگەن ھۆججەتلەرگە قارىتا، جاگمىن، رۇيشىڭ قاتارلىق ۋىرۇس تازىلاش قوراللىرىنى ئىشلىتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئاندىن ئىشلىتىش كېرەك. ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىشمۇ سىستېمىنىڭ قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

.8ئىشلەش ھالىتىدىكى يۇمشاق دىتاللارنى تولۇق ئەتمەي تۇرۇپ، توك مەنبەسىنى ئۈزمەسلىك، بولمىسا، مۇھىم سىستېما ھۆججەتلىرى بۇزۇلۇپ ياكى يوقاپ كېتىدۇ-دە سىستېمىنىڭ نورمال قوزغىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بولۇپمۇ، Windows98/ME/2000ئىشلەتكۈچىلىرى بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك، چۈنكى بۇ سىستېمىلارغا سىستېما ھۆججەتلىرىنى قوغداش ئىقتىدارى قوشۇلمىغان.

9.پىروگراممىلارنى قاچىلىغاندا، "ھۆججەتنى قاپلامسىز؟" دېگەن سوئالغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى بۇرۇنقى ھۆججەتلەرنى قاپلىۋەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى سىستېمىغا نىسبەتەن، سىستېما ئۆزى كۆچۈرگەن ھۆججەتلەر ئەڭ ياخشى بولىدۇ. (ئۆزىڭىزنىڭ ھۆججەتلىرىڭىز بۇنىڭ سىرتىدا).

10.چۈشۈرۈش قورالى ئارقىلىق كومپيۇتېردىكى بەزى يۇمشاق دېتالنى ئۆچۈرگەندە، ئەڭ ياخشىسى ئۆچۈرۈش قورالىنىڭ ئاپتوماتىك ئۆچۈرىشىگە قويۇش كېرەك. بۇنداق بولغاندا، بەزى يۇمشاق دېتاللار ئورتاق ئىشلىتىدىغان بەزى DLL, OCX ھۆججەتلەرنى بىلمەي ئۆچۈرۈپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئورتاق ئىشلىتىدىغان ھۆججەتلەر ئۆچۈپ كەتسە، يۇمشاق دېتاللارنىڭ، جۈملىدىن سىستېمىنىڭ نورمال قوزغىلالماسلىقىنى ۋە قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

11.قاتتىق دېتاللارنى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا، ئۈزۈلۈش نومۇرى (IRQ)قالدۇرۇلغان ياكى قالدۇرۇلمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش كېرەك. قاتتىق دېتاللارنىڭ ئۈزۈلۈش نومۇرى قالدۇرۇپ قويۇشقا يول قويماسلىق. بولمىسا ئۈزۈلۈش نومۇرى ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، بىر قاتتىق دېتالنى قاچىلىغاندا يەنە بىرسىنىڭ ئىشلىمەس بولۇپ قېلىشى، قاتتىق دېتاللارنىڭ توقۇنۇشى سەۋەبلىك سىستېمىنىڭ قېتىپ قېلىشى قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

12.يۇمشاق دېتاللارنى قاچىلىغاندا تەرتىپكە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر ئەڭ ئاۋۋال قاچىلىنىدىغان پىروگرامما ئەڭ ئاخىرىغا بېرىپ قالسا، سىستېما قوزغالغاندا قالايمىقانلىشىپ كېتىپ، نورمال قوزغىلالماسلىقى ياكى قوزغالغاندىن كېيىن، قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

13.چوڭ تىپتىكى پىروگراممىلارنى (يەنى Office, Phtoshop) قوزغاتقاندا، قوزغىلىپ بولۇشتىن ئاۋۋال، بۇرۇن قوزغىتىلغان پىروگراممىلارنى ئېتىۋېتىشكە ئالدىرىماسلىق كېرەك. بولمىسا، سىستېمىنىڭ قالايمىقانلىشىپ، قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

14.ئىچكى ساقلىغۇچ كىچىك بولغان ئەھۋالدا، ئىچكى ساقلىغۇچنى كۆپ ئىگەللەيدىغان پىروگراممىلارنى بىرلا ۋاقىتتا كۆپ قوزغاتماسلىق كېرەك. بولمىسا، سىستېمىنىڭ ئاسانلا قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

15.مۇھىم ھۆججەرلەر ۋە سىستېما ھۆججەتلىرىگە "يوشۇرۇن"،"ئوقۇشقىلا بولىدىغان" خاسلىقىنى قوشۇپ قويۇش كېرەك. بۇندان بولغاندا بۇ ھۆججەتلەرنى ئۆچۈپ ياكى قاپلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

16.قاتتىق دىسكىنىڭ ئاساسى رايۇندىكى خاتىرىلەرگە قارىتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارماسلىق كېرەك. بولمىسا، سىستېما ئۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغاندا، خاتىرىلەرنى تاپالماي قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

17.يۇمشاق دىتاللارنىڭ سىناق نۇسقىسىنى ئازراق ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى سىناق نۇسقدىكى، سىستېمىغا قوشۇلىدىغان ھۆججەتلەر ئىشەنچىلىك ۋە مۇقىم بولمايدۇ. بۇ سىستېمىنىڭ قوزغىلالماس بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

18. Windows95/98ئاماللىنىڭ بېرىچە 16خانىلىق پىروگراممىلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. بۇنداق بولغاندا، 16خانىلىق پىروگراممىلار بىلەن سىستېمىدىكى 32خانىلىق پىروگراممىلار ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، سىستېمىنىڭ قوزغىلالماسلىقىنى ياكى قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

19.بىئوس نەشرىنى يېڭىلىغاندا، بۇرۇنقى نەشرى ۋە يېڭىلىماقچى بولغان نەشرىنى تولۇق بىلىش كېرەك. بولمىسا نەشرى مۇۋاپىق يېڭىلانماي، سىستېمىنىڭ قوزغىلالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

20.ئوغۇرلانغان نەشىردىكى پىروگراممىلارنى ئامال بار ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى بۇنداق پىروگراممىلاردا نۇرغۇن ۋىرۇسلار يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ ۋىرۇسلار تېزلىكتە سىستېمىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، سىستېمىنىڭ قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

21.كومپيۇتېرنى بىر مەزگىل ئىشلەتكەندە ئاپپارات ساندۇقى ئىچىگە نۇرغۇن چاڭ-توزانلار كىرىۋالىدۇ. بۇ چاڭ-توزانلار زاپچاسلارنىڭ نورمال تىگىشىشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، كومپيۇتېرنىڭ قېتىپ قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

22."دىسكا پارچىلىرىنى رەتلەش پىروگراممىسى"نى قوزغاتقاندا، باشقا پىروگراممىلارنى ئېتىۋېتىش كېرەك. بولمىسا، ئاسانلا سىستېمىنىڭ قالايمىقان بولۇپ، قېتىپ قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

23.ۋىرۇس تازىلاش يۇمشاق دىتالىدا ۋىرۇسلارنى تەكشۈرگەندە، باشقا پىروگراممىلارنى قوزغاتماسلىق كېرەك. بۇمۇ سىستېمىنىڭ قېتىپ قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

24.تورغا چىققان ۋاقىتتا، تور بەتلەرنى بەك كۆپ ئىچىۋەتمەسلىك، كۆزنەك سانىنى كونترول قىلىش كېرەك. بولمىسا سىستېما يېتەشەلمەي ئاسانلا قېتىپ قالىدۇ.

25.كومپيۇتېرنى ئۆچۈرگەندە توك مەنبەسىنى بىۋاستە بېسىپ ئۆچۈرمەسلىك كېرەك. بولمىسا قايتا قوزغاتقاندا سىستېمىنىڭ قوزغىلالماي قىتىپ قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

ماقالە مەنبەسى: دىيارى توردىن manggutax ئەپەندىم يوللانمىسى
http://bbs.diyarim.com/ShowPost.asp?id=22221

# تەتۈر بېسىپ چىقىرىش تېخنىكىسى

(硫酸纸镜像打印技术)

تەتۈر بېسىش دېگىنىمىز، بېسىلغان ماتېرىيالنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قارىغاندا نورمال بېسىلغان ئۈنۈمنى كۆرۈش بولۇپ، ئادەتتە مەۋھۇم (ئەينەك ـ Mirror)بېسىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئادەتتە، كۆپ مىقداردا كۆپەيتىلمەكچى بولغان ماتېرىياللارنىڭ قېلىپى تەتۈر بولىدۇ. مەسىلەن: رەسىمنىڭ نېگاتىپى بولىدۇ، تامغا تەتۈر ئويۇلىدۇ، لېكىن، بېسىلغاندا ئوڭ چىقىدۇ. شۇڭا، Microsoft Word دا بېسىلغان ماقالىلەرنى كىتاب قېلىپ نەشر قىلماقچى بولسىڭىز، تەتۈر بېسىپ چىقىرىشىڭىز لازىم.

ئەمەلىيەتتە، Windows مۇھىتىدىكى ھەرقانداق ھۆججەت ـ ماقالىلەرنى PostScript تىلىنى قوللايدىغان پرىنتېر ئارقىلىق بىۋاستە تەتۈر بېسىشقا بولىدۇ. ئەمما، PostScript تىلىنى قوللايدىغان پرىنتېرلار بىر قەدەر قىممەت بولۇپ، ئۇ ئانچە كۆپ ئومۇملاشمىغان. لېكىن، PostScript تىلىنى قوللايدىغان يۇمشاق دېتاللارنىڭ ياردىمىدە تەتۈر باسماقچى بولغان ھۆججەتلەرنى PS ياكى PDF فورماتى ھۆججەتكە ئايلاندۇرۇپ، بۇ ھۆججەتنى قوللايدىغان يۇمشاق دېتالنىڭ ياردىمىدە باشقا تۈردىكى ھەرقانداق پرىنتېرلاردا تەتۈر بېسىپ چىقىرىشقا بولىدۇ.

تۆۋەندە، خەلقئارادا بىر قەدەر ئومۇملاشقان، باسما ئۆلچىمىگە ئۈيغۇن بولغان، PostScript تىلىنى قوللايدىغان PDF ھۆججىتىنى ھاسىل قىلىش جەريانىنى چۈشەندۈرىمىز.

ئالدى بىلەن Adobe Acrobat يۇمشاق دېتالىنى كومپيۇتېرغا قاچىلايسىز. ئۇنى قاچىلاش باشقا يۇمشاق دېتاللارنى قاچىلىغاندەك ئاددىي بولۇپ، SETUP نى قوش بېسىپ، كېيىنكى قەدەمنى كۆنۈپكىسىنى تاللاپ داۋاملاشتۇرسىڭىزلا بولىدۇ. Adobe Acrobat نى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن، كومپيۇتېرىڭىزغا Adobe PDF تىپلىق مەۋھۇم پرىنتېر پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بېسىش شەكلىنى تەڭشەپ، ئاندىن Word ھۆججىتىنى تەتۈر شەكىلدە PDF قا ئايلاندۇرىسىز. ئاخىرىدا، Adobe Acrobat ئارقىلىق PDF ھۆججەتنى ئېچىپ، ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي پرىنتېرىڭىزنى تاللاپ باسسىڭىزلا بولىدۇ.


**Adobe PDF پرىنتېرىنىڭ بېسىش شەكلىنى تەتۈر شەكىلدە بېسىشكە تەڭشەش**

【设置】(بېكىتىش)نى تاللاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن 【打印机和传真】(پرىنتېر ۋە فاكس)نى تاللاڭ. ئاندىن Adobe_PDF پرىنتېرىنى تاللاپ، مائۇسنىڭ ئوڭ كۆنۈپكىسىنى بېسىپ، چىققان تىزىملىكتىن 【设置】(بېكىتىش)نى تاللىسىڭىز، تۆۋەندىكىدەك دىئالوگ رامكىسى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن 【打印首选项】(بېسىشتىن ئىلگىرىكى تەڭشەك)نى تاللاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن 【纸张/质量】(قەغەز\سۈپەت)نى تاللاڭ. ئاندىن 【高级】(ئالىي دەرىجە)نى بېسىپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى Mirrored Output(تەتۈر شەكىلدە بېسىش)نى تاللاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن 【是】(شۇنداق)نى باسسىڭىز بولىدۇ.

**Microsoft Word ھۆججىتىنى Adobe PDF ئارقىلىق PDF ھۆججەتكە ئايلاندۇرۇش**

بىرىنچى: Microsoft Word نى قوزغىتىپ، تەتۈر باسماقچى بولغان ماقالىنى ئېچىڭ.

ئىككىنچى: 【文件】(ھۆججەت) تىزىملىكىدىن 【打印】(بېسىش)نى تاللاڭ.




ئۈچىنچى: 打印机 پرىنتېر نامىنى Adobe PDF قا ئۆزگەرتىپ، 【确定】(جەزملەشتۈرۈش)نى تاللاڭ. بۇ چاغدا PDF ھۆججىتى ھاسىل بولۇشقا باشلايدۇ، ئاخىردا، Adobe Acrobat قوزغىلىپ بۇ ھۆججەتنى ئاچىدۇ. بۇ ھۆججەت تەتۈر شەكىلدە چىققان بولۇپ، ئۇنى Adobe Acrobat نىڭ File(ھۆججەت) تىزىملىكىنى تاللاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن Print(بېسىش) نى تاللىسىز. ئۇنىڭ ئىچىدىكى پرىنتېر نامىدىن ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقي پرىنتېرىنى تاللاپ، باسسىڭىز بولىدۇ.

---

ئۇندىن باشقا يەنە سىز بىۋاستە Office 2007 نەشرىنى قاچىلىسىڭىز PDF ھۆججىتى شەكلىدە ساقلاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

مەنبە : ئۇيغۇر سوفت شىركىتى

# 3DMAX ۋە ئۇنىڭدا ئىشلەنگەن بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەر

تور بېكىتىمىز 3dmax ھەققىدە دەسلەپكى بىلىم ۋە بىر قىسىم تەجرىبىلەرنى توردا تارقاتقان ئىدۇق. مەزكۇر ژۇرنالدا ئۇنىڭ ئادرېسىنى قالدۇردۇق. ئەگەر كۆرمەكچى بولسىڭىز تۆۋەندىكى ئۇلىنىشنى باسسىڭىزلا بولىدۇ.

1ـ 3dmax ھەققىدە دەسلەپكى بىلىم (1)

http://www.hiyal.com/uyghur/showart.asp?id=60

2ـ 3dmax ھەققىدە دەسلەپكى بىلىم (2)

http://www.hiyal.com/uyghur/showart.asp?id=59

3ـ 3dmax دا سترولۇق خەت ئۆنۈمى ھاسىل قىلىش

http://www.hiyal.com/uyghur/showart.asp?id=58

4ـ 3dmax دا تۆشۈك شەكىل ھاسىل قىلىش

http://www.hiyal.com/uyghur/showart.asp?id=57









东方红广场




POWER
VOLUME
喜影专业设计


xiying
XIYING
喜影专业设计
www.xiying.com